ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى 100 پارچە مەشھۇر شېئىر

2008

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى 100 پارچە مەشھۇر شېئىر

www.berqi.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى 100 پارچە مەشھۇر شېئىر

كىتابقا تەييارلىغۇچى:ئابدۇرىشىت سۇلايمان( جاللات)

كىتابقا ئالغۇچى:ئەزمەت ئەيسا(پەيكار)

www.berqi.com

www. berqi. com

www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى 100پارچە نادىر شېئىرنىڭ تىزىملىكى

## نۇرگۈلچىدىن

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى 100نادىر شېئىرنى تۈرغۈزۈش ئەمگىكى جاپالىق ۋە زىدىيەتلىك ئەمگەك .ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى تاللاش مۇساپىسىدە ،شېئىرىيەتنىڭ سىرلىرى ،كىتاپخانلارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىزدىنىشكە توغرا كەلدى .2004-يىلى دەسلاپقى نامزاتلار ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقاندا سېھرى كۈچى قويۇق بولغان شېئىرىيەتنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىلىرى ،شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىرى ،بىلىم قۇرۇلمىسى پەرقلىق بولغان كىتاپخانلار بىلەن سوھبەتلىشىش ئارقىلىق زىدىيەت ئىچىدە گاڭگىراش ،ئۈمىدسىزلىنىش ،خۇرسەن بولۇش سىزملىرى بىرلىشىپ كەتكەن تەپەككۇرۇمدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 1949-يىلىدىن كېيىنكى ئومۇمى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم .«شېئىرىيەتتىكى مۇھاكىمىلەر »نى ئەتىرالىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شېئىرىيەتتىن ھوزۇرلىنىشنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىغىنى ،ئاۋامدىكى ئېستېتىك مۇددىئانىڭ ئاممىباپ شېئىرلارغا كوپرەك يۈزلەنگەنلىگىنى بىلدىم .مىنىڭ قىزىقىشىم ۋە ئەسلى مەقسەت ئازاتلىقدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئومىمى ئەھۋالىنى يۈزەكى بولسىمۇ تونۇشتۇرۇش بولسىمۇ شېئىرىيەت كىتاپخانلىرىدىكى ئىدراكى رامكا گۈزەللىكنىڭ تاشقى شەكلىگە كوپرەك ئېتىبار بىلەن قارىغانلىغى سەۋەپلىك ھاياتلىقنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە ئېستېتىكلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى ئىچكىرلەپ كىرگەن تىل مۇناسىۋەتلىرىدە شېئىرى مەنا سەپىرىگە ئاتلانغان ھەقىقى ئەنئەنە ئىزناچىلىرىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى قالدۇرۇۋېتىشكە توغرا كەلدى .

شېئىرىيەتتىكى گۈزەل ئىبارىلەر ،سېھرى كۈچى چۇڭقۇرلاشقان شېئىرىيىتىمىزدىكى بايقاشنىڭ جەۋھىرى .شېئىرىيەت كۈزەتچىلىرى ،نەشرىيات خادىملىرى .خەلىق قەلبىنى ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرسىدا شېئىرىيەت جەۋھەرلىرى توغۇرلۇق ئېلىپ بارغان مۇھاكىمىلەردە «بىر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ،ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن بىشارەت بىرەلەيدىغان پەقەت بىر پارچە نادىر شېئىرنى بايقاش »تەكلىۋى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىزچىل ئالقىشلىنىپ كىلىۋاتقان بىر شائىرنىڭ بىر قانچە شېئىرلىرى ئىچىدىن بىر پارچە ئەسىرنى تاللاش ئارقىلىق بۇرۇنقى نامزات ئەسەرلەرنىڭ قالدۇرلىۋېتىشىگە چۈشەنچە بىرىشنى لايىق كوردۇم .پاكىتتا بولغان قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ ئىچىدە بايان قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان جاۋاپ شۇكى -بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىمىزدىكى ئىلگىرلەش قەدىمى پۇختا ۋە چوڭقۇر بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەندەك قىلىدۇ .كېيىنكى مۇھاكىمىلەردە كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى ئايىماسلىغىنى ئۈتىنىمەن .

ئابدۇرېشىت سۇلايمان .

1- ئىز ئابدىرېھىم ئوتكۈز
2- تۇرغۇن ئالماس تەنلىرىم ياپراق
3-سەككىز سۈرىتىم تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم
4-ئۇلار شۇنداق ئاتلار ئىدى ئابدىرېھىم ئابدۇللا
5-تۆگمەس ناخشا تىيىپجان ئېلىيوۋ
11-ئەركەكلەر قىنى سىلەر---------------ئادىل تۇنىياز
12-ئانا-----------------------بۇغدا ئابدۇللا
13-ھەيكەل-------------------ئابدىكېرىم خوجا
14-ئوبۇلقاسىمنىڭ يەرلىرى ------------ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم .
15-ئات جۇۋازدا، كالا مەپىدە-----------------مامۇت زايىت
16-سەن يوق------------------ -مۇھەممەتجان راشىدىن
17-رۇبائىلار----------------------- سەيپىدىن ئەزىزى
18-ۋەتەن ۋە ئىمان------------------- - ئابدىقادىر جالالىدىن
19-چالا تەگكەن ئوق--------------------- - مەمتىلى زۇنۇن
20-ئايسىز- ئايدىڭ------------------------ باتۇر روزى
21-يارلانغان كىيىك------------------- ئابلىكىم ھەسەن
22-ئەرنىڭ ئىپپىتى---------------- غوجمۇھەممەد مۇھەممەد
23-رۇبائىياتلار-------------- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
24-ئۆزۈمگە سەپەر--------------------- جېلىل خىلىل
25-كۈيىۋاتقان بۇغداي------------------ پەرھات تۇرسۇن
26-ياز بىر سۆيقەست.-------------- تاھىر ھامۇت

27-رىۋايەت------------------- --------- ئەزىزى

28-ئانا ------ ---------- ئابدىباست ئابدۇراھمان

29-خوتەندە قالغان تۆت ناخشا------- مۇتەللىپ مەنسۇر ئوۋچى

30-ئاتەش رىۋايەتلىرى------- --------مۇھەممەت خىۋىر

31-رۇبائىيلار ----------------------ئابدۇللا تالىپ

32-ئامانىنساخان ------------------ئىمىن تۇرسۇن

33-بىر قارا -----------------پولات ھىۋىزۇللا

34-قەشقەرلىق ئايال --------------ئادالەت ئابدۇرىھىم

35-باغرىم داغ ------------ئەھمەد زىيائى

36-نۇزۇگۇم قوشىقى ---------تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

37-تەكلىماكان ------------------دىلمۇرات تەلئەت

38-شەيتان بار .........................................ئابدۇللا سۇلايمان

39-كۆتۈش ..................................پەرھات ئىلياس

40-قايتۇرمىغىن رايىمنى دۇنيا .........................بەگمەت يۈسۈپ

41-دەريا بىلەن سۆھبەت ....................................ئىمىن ئەخمىدى

42-كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن ...............راھمانجان ئاۋۇت

43-يىلان ..................................................ئەركىن نۇر

45-چىمەنىستان ........................................چىمەنگۈل ئاۋۇت

46-مۇھەببەت كاردىورى ...........................ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

47-زىلالنامە .........................................ياسىن زىلال

48-ئوت ئىزاھى ...................................شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگ

49-باياۋان ...............................ئابدۇلئەھەت ئابدۇرېشىت بەرقى

50-ئايال بولۇپ ياشاپ باقۇم بار، ھەقىقى ئايال ..........................ئايسىمە ئىدرىس

51-تەنھا قىيىق ..................................................مۇختەر مەخسۇت "

52-قەشقەردە كەچ ...........................................................ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

53-بىلىم ئىشقىدا ...............................................نىمشېھىت

54-پەرۋازنامە -------------------ئەكبەر نىياز پەتتارى

55-ئالقاندىكى يول ..........................................ۋارىسجان قاسىم

56-تىنىمگە سەپەر ..........................................ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان

57-بىر ئائىلىنىڭ تەزكىرىسى .............................جاسارەت تاش

58-ئانامغا مەرسىيە ......................................ئالاھىدىن ئابدۇرېشىت

59-شۇنداق دۇنيا بۇ -------------------ئەزىم ناسىر

60-خوجا جاھان ئەرشى ---------------ئابابەكرى توختى

61-مەن جەسەت --------------------تەلئەت قادىرى

62-قۇمۇلنىڭ ئارخىپى --------------------ئوسمان زاھىر

63-ئاھ !!كۈچۈم --------------مەتىمىن توختىنياز (سۈزۈك )

64-يوشۇرۇن ئاچلىق ئىلان قىلىش ---------------قەيسەر تۇرسۇن

65-ئاشىق نەي چالار، ئاتەش نەپەستە------------ۋاھىتجان ئوسمان

66-كۆزۈمدە قەترە ياش، ئىزدىدىم سېنى......................ئەكبەر داۋۇت (تانىا)

67-بۇۋاپا ---------------ئابدۇللا ياقۇپ

68-تەكلىماكان ،خوراز، ئۇرۇمچى -----------ھەبىبۇللا توختى

69- قىشتىكى ھەمراھ .............................زاماندىن پاكزات

70-شەرىق باياۋنى -----------------ئەكبەر سالىھ

71- بار مەندە پەقەت .................................... ئەسقەر ياسىن
72-ئادەم ------------------ ئايگۈل ھەمدۇللا
73-ئاچا يول ---------------- مۇسا ئەھەت `
74-جىمجىت ئاۋاز ----------- ئىلھامجان ئابلىز
75-قىيىنلىش ----------------- مۇختەر سۇپۇرگى
76-يەتتە قىزلىرىم ----------------- مۇتەللىپ جۇماخۇن
77- ئاتلارنىڭ كۆنلىرى ------------ مۇتەللىپ سەيدۇللا
78- مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى ---------------- مۇختەر بۇغرا
79-مۇشۇ يەردە بىر ئىز بار -------------- غەنى رەشىدى
80-كېچىدىكى زېمىن --------------- پەرھات كازىمى
81-ھازىرقى زامان مەڭگۈ تىشى -------------- ئەلى غوجاخۇن ,
82-غەزەللەر ---------------- ئابلىز ئوسمان

# ئىز

ئۆتكۈر ئابدۇرېھىم

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،

ئەمدى ئاتتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەينا نەۋرىمىز.

ئاز ئىدۇق مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،

ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز

قالدى ئىز چۆللەر ئارا،گاھى داۋانلاردا يەنە،

قالدى نى-نى ئارسلانلار دەشتى-چۆلدە قەبرىسىز.

قەبرىسىز قالدى دېمەڭ،يولغۇن قىزارغان دالادا،

گۈل - چېچەككە پۈركىنۇر تاڭنا باھاردا قەبرىمىز.

قالدى ئىز،قالدى مەنزىل،قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،

چىقسا بوران،كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.

توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئۇرۇق،

تاپقۇسى ھېچ بولمىسا،بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز،

يا ئەۋرىمىز.

# تەنلىرىم ياپراق

تۇرغۇن ئالماس

تەنلىرىم ياپراق ، تىترەپ توختىدى ،

يۈرۈكۈم دەرتلىك ، ئەركىن سوقمىدى .

چۈنكى ئەي يارىم سېنىڭ ھالىڭنى ،

كۆردۈم پىغاندا غۇنچە چاغىڭنى .

ئاستىلاپ بېسىپ ، ئون بەشكە كىردىم ،

يەنىمۇ دەھشەت باستى پەلەكنى .

دۈشمەننى بىلمەي ،دوستۇم دەپ يۈرۈپ ،

بىر زالىم ئۇنسۇر ئەزدى يۈرەكنى .

ئويغان ئەي يارىم رەقىپلەر يامان ،

گەر ئويغانمىساڭ يىغلا تۆر زامان .

مېنىڭ چىرايىم سارغايدى سامان ،

ئەمدى مەن كەتتىم سەن قالدىڭ تامام .

قەدىرلىك يارىم سۆيگەن ئامرىقىم ،

ئەمدى مەن كەتتىم سەن قالغىن ئامان .

# سەككىز سۇرىتىم

تۇرسۇنبەگ ئىبرايىم

(ساتىرىك داستان)

www.uyghurkitap.com

تاشلاش ئۆچۈن كۆنگەن شۇ ئىللىتىمنى،
بىر كۆرستەي يىپىرىپ يۈرەك قىتىمنى.
سورىماڭلار لېكىن نامۇ - ئىتىمنى،
تەقدىم قىلدىم بۇ سەككىز سۆرىتىمنى،!
مەن ئەشۇنداق كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

1

ئىسى- يادىم ھوقۇقۇمنى ساقلاشتا،.
چىك تۇرىمەن شۇڭا چوڭنى يوقلاشتا.
كۆنۈم ئۆتەر تەزىم بىلەن ماختاشتا،
ئۇ ئاقمىسا داستىخاندا باپلاشتا،
ئىش توغرىلاپ كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن..
ھوقۇق ئۆچۈن مەن ھەممىنى گوللايمەن،
يۇقىرىغا سانىنى يالغان يوللايمەن.
تەكشۈرسە گەر سومكىسىنى توملايمەن،
شۇنداق قىلىپ ئۆز- ئۆزۆمنى قوللايمەن،
مەن "قوللاپلا" كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.
"پىچاق" بەرسە قورقماي دادىل كەسمەيمەن،
مۇزاكىرە قىپ بولالماي ئەسنەيمەن.
شۇنداق قىلىپ قوساقنى ھېچ ئەسمەيمەن،
ئىرادەم چىك بەلنى ھەرگىز يەشمەيمەن،
شۇ "ئۇسۇلغا" كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

پاكلىق دېسە سۆزلەپ- سۆزلەپ ھارمايمەن،
كەلسە- كەلمەس سوغا سالام ئالمايمەن.
نەپ چىقمىغان يەرگە ئەمما بارمايمەن،
يەڭ ئىچىدە بەرسە ھەرگىز يانمايمەن،
"سودىلىشىپ" كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.:
بەزى ياتتىم بالنىستلاردا تەن ئۆچۈن،
خەق بىلمىسۇن ئىككى بولاق قەنت ئۆچۈن.
دېسەمۇ گەر ئاغزىمدا "ۋەتەن ئۆچۈن"،
ھوقۇق ئەلا مىللەتتىنمۇ مەن ئۆچۈن،
"ھوقۇقىلا" كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.
نېمە؟ ساڭا مىڭلاپ لەنەت دەيلىغۇ؟؟
مەن بىر مەجنۇن ھوقۇق خۇددى لەيلىغۇ!
مەن ئۆزىسەملا خەق نېمە بولسا مەيلىغۇ،
مانا بۇ سۆز مەندەكلەرنىڭ پەيلىغۇ،
"پەيلىم" شۇنداق كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.
ھېچ غېمىم يوق جاھاننى سۇ باسسىمۇ،
ئاپەتلەردىن ئەلنىڭ بېشى قاتسىمۇ.
كۆن ئالالماي يۇرتنى تاشلاپ قاچسىمۇ،
ماڭا ئۇلار قانچە گۇناھ ئارتسىمۇ،
"ھېچ غېمىم" يوق كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

چۈجاڭ، ھاكىم، ۋالىيلىقتا تۇرغۇچە،
ئۆسسەم دەيمەن تاكى داھىي بولغۇچە،
ئۆتەرمەنمۇ شۇ ئارماندا ئۆلگۈچە،
"ئاھ چۈشۈمگە بىر كىرسىچۇ بۇ كېچە"
تەمە قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

2

چوڭ مەسچىتنىڭ بىقىندا ئۆيۈم بار،
كىشى كۆرسە ئەيمەنگۈدەك سەللەم بار.
شۇڭا دائىم قولتۇقۇمدا زەللەم بار،
چاپقۇزۇشقا ئاتلارنى ھەم چەنلەم بار
"زەللەرگە" كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
قويىۋېلىپ كۆركەم ساقال- بۇرۇتنى،
كەم قىلماستىن تىلدا دائىم دۇرۇتنى.
مەن توپلىدىم كۆپ ئىخلاسمەن مۇرىتنى:
خەق بىلمىسۇن دىلىمدىكى قۇرۇتنى،
شۇ "قۇرۇت" قا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

سورۇن بولسا چىقسام دەيمەن تۆرىگە،
گۆش كەلمەيدۇ قۇرۇق ئايەت، سۆرىگە.
راست گەپ قىلسام نەپسىم ئوخشار بۆرىگە،
نىچۈن باغاق بەردىكىن پەس چۆرىگە،
قىزغىنىپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

"خۇدا" مېنىڭ مۇھاپىزەت قالقىنىم،
بىلىنمەيدۇ شۇڭا جەبرى سالغىنىم.'
ماڭا لازىم شۇ باھاندا ئالغىنىم،
ئېچىلمايدۇ سىرتتا ھېچبىر ئالقىنىم،
ئېلىشقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن."

"يامان"، "گۇناھ" دەپ چىتلايمەن يوللارنى،"
رام قىلىمەن شۇ ئۇسۇلدا گوللارنى.
چۆشۆرمەستىن دۇئادىن ھېچ قوللارنى،
يىغىۋالدىم "ھەجگە" دەپ كۆپ دوللارنى،
شۇ دوللارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

داۋالايمەن دەپ كېسەلنى، ئاپەتنى،
ساتتىم پۇلغا ئەرەبچە كۆپ ئايەتنى.
خەقلەر مېنىڭ ئۇ دۇنيانى "راھەتنى"،
سۆيدۈم ئۆزۈم پانىي نەق ھالاۋەتنى،
ھالاۋەتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

www.uyghurkitap.com

مەسچىتلەردە ساۋابلىقنى سۆزلەيمەن،
لېكىن ئۆزۈم "نەپ" بولسا دەپ كۆزلەيمەن.
بىرەر ئۆزى، "ھېچ كىشىنى ئەزمەيمەن"،
شۇڭا مۇشۇ يولدىن پەقەت بەزمەيمەن،
شۇ يولۇمغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
چىن ئەركەكتەك مەي ئىچىمەن تاۋاقتا،
ئۆيدە ئەمەس كوچىلاردا، قاۋاقتا.
بەزى قونۇپ قالىمەن شۇ "راۋاق" تا،.
كېتىپ بولاي ئەمدى ئۆيگە نەۋاقتا،
"راۋاق" لارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ كارىم يوق،
مەيدىن ئۆزگە ئامرىقىم يوق، يارىم يوق.
ئىچمىسەم ھېچ تۇرالمايمەن، چارەم يوق،
ئىچىۋېلىپ چالدىم گىتار، تارىم يوق،
مەن كارىم يوق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
كۆندە بىرىپ سەجدە قىلىپ تاۋاقتا
تېگىشمەن ئىقباللىمنى ھاراقتا.
ئۇرۇشمەن ئۆيدە تارتسا سوراقتا،
قورقمايمەن ئېلىنسامۇ قاماقتا،
شۇنداق قورقماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

دەيدۇ تېخى "ئېسىت سېنىڭ مەستلىكىڭ"،
ھاراقتىندۇر بىلسەڭ سېنىڭ پەسلىكىڭ،
ئوڭشىلارمۇ شۇ ئادەم ئەمەسلىكىڭ،
قاچان تۈگەر بالا-قازا، نەسلىكىڭ،
مەستلىكىمگە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
مەن دەيمەنكى بەختىم مېنىڭ شارابتا،
نېمە لەززەت مەيسىز مىڭ جىڭ كاۋاپتا،
قەدەھ ياساپ چېلىپ تەمبۇر، راۋاپتا،
مەي ئىچىمەن بارسام ھەجگە، تاۋاپتا،
ئىچىشكىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىر ئىجادىم ئويۇم بارتى، قېنى دەي،
تومۇرۇمدا قېنىم ئەمەس ئاقسا مەي.
ئەنە شۇ چاغ، قىلماس ئىدىم زادى قەي،
يېمەس ئىدىم زاكوسكىغا گۆشنۇ-سەي،
مەن ئىجادكار كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەي دېگەنلىك مېنىڭ قېنىم، بىلىكىم،
مەي ئىچمىسەم مېنىڭ نېمە كېرىكىم.
ھېساب ئەمەس چىلاشمىسا يۆرىكىم،
شۇڭا مەستۇر ھەتتا ئارزۇ-تىلىكىم،
مەست تىلەككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.\

مەي تۇپەيلى بولسام مەيلى ئۆيسىز، تۇل،
مەيلى بولسۇن كىيىم-كېچىكىم جۇل-جۇل،
قەرز ئېلىپ ئىچمەن بولمىسا پۇل،
مەن ياشايمەن بولۇپ شۇنداق مەيگە قۇل;
قۇللۇقۇمغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

جاھان ئاشۇ دەيمەن قۇدۇق ئاغزىنى،
چىك تاقايمەن شۇڭا ئىشىك داۋزىنى،
ئايرىمايمەن لەززەت بىلەن لاۋزىنى،
ياقتۇرمايمەن چىگىش بىلەن ھاۋزىنى،
قۇدۇققىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەزىلەر تالڭ غايە-پايە دەيدىكەن،
ئۆزلىرىچە ئەل غېمىنى يەيدىكەن،
(ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈكتە، خەيدىكەن)،
توۋا دەيمەن دۆت ئىكەن، بىلمەيدىكەن،
مەن ئەقىللىق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
پۈرسەت تاپسام تىرىكلەرنى قەستلەيمەن،
يىقىتسام گەر پاتقىغا دەسسەيمەن.
ئۆلگەنلەرنى رەھمەتلىك دەپ ئەسلەيمەن،
بەلدىن ئاقنى ئۆزۈنغىچە يەشمەيمەن،
قەستلەپ، ئەسلەپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىشىم بەك كۆپ زادى بىكار ياتمايمەن،
يىغىر تاپسام كوچىلايمەن، تاتىلايمەن،
ئەل دىگەننىڭ گەجگىسىدىن ئاتلايمەن،
باشلىق كۆرسەم بەلنى پۈكلەپ قاتلايمەن،
قاتلىنىشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
بەك ئاقلارغا قار-قۇرا چاپلايمەن،)
"قارا" لارنى پات-پات ئوتقا قاقلايمەن،
"يېشىل"، "سېرىق" لارنىمۇ ھەم باپلايمەن،"
شۇنداق قىلىپ بىر ئۆزۈملا چاقنايمەن،
ئۆزۈم چاقناپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.'

ياراتمايمەن كىچىك ئىشقا زوقۇم يوق،
ئەنقا ئاتاي دىسەم، ئەمما ئوقۇم يوق.,
مىنەي دىسەم ئېشكىمدە توقۇم يوق،'
ئىسمىم جاھان بازاردا چوقۇم يوق،
مەن بازارسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئاقمۇ كىردى تولا ئويلاپ بىشىمغە،
شۇنچىلىك تار قىل پاتمايدۇ ئىچىمگە،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئامەت كەلسە ئەگەر يېقىن كىشىمگە،
غۇچۇرلاشتىن ئاغرىق كىرەر چىشىمگە،
چىش ئاغرىقتا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۆرمەيمەن ھېچقانداق ئىشنى ئۆزۈمدىن،
يامانلايمەن قانۇنىيەت، تۈزۈمدىن،
كىم ئۇ چاتاق تاپقان مېنىڭ سۆزۈمدىن،
سەت كۆرۈنمەي تېز يوقالسۇن كۆزۈمدىن،
يامانلاپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.*

چۆشتە دېسە كەچتە ئاران بارىمەن،
باھانە توقۇپ گۇناھىمدىن تانىمەن،،
شۇ بىر ئەمەس تەكرارلايمەن يانىمەن،
شۇڭا جاھان ئالدىدا كۆپ چانىمەن،
چېنىۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياتقا شاتۇر، ئۆزىمىزگە ئاقسايمەن،
ئۆزگە باتۇر، ياتقا سالسا ئاقمايمەن،،
پەلسەپەم شۇ جان بېقىشنى ياقلايمەن،،
ئاشۇ يولدا تىنىم تاپماي قاتنايمەن،: ،
قاتناۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىكار بولسام ھاڭۋاقتىمەن كوچىدا،
بولاي مەيلى قەشقەر، تۇرپان، غۇلجىدا،
بۇ پەقەتلا بولۇر مەندەك نوچىدا،
نېمىش قىلسۇن ئىشقا بەند پوچىدا،'
نوچىلىقتا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

،

ياراتمايمەن ئىللىقنى لاپچى دەپ،
خوتەنلىكنى دىۋانە، راۋابچى دەپ،
قەشقەرلىقنى ئالدامچى، ساپ-ساپچى دەپ،
كورلىلىقنى ئاغزى نەس، كاپ-كاپچى دەپ،;،
يۇرت ياراتماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

،

دەيمەن يەنە ئاقسۇلۇقنى كاۋىچى،
دولانلىقنى پوجاڭ تۇماق يامچى،
ئالتاي، قۇمۇل، قىزىلسۇنى چارۋىچى،
ئۆرۈمچىلىك جىك قىزىل كۆز پىۋىچى،
تىللاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەن تىللىماس بىرمۇ يۇرت يوق ئۆلكەمدە،
دېمەك شۇنداق ئېغىر يۈك بار يەلكەمدە،
ئۇنى ئادا قىپ بولارمەن نەكەمدە،

قورۇق تولا شۇڭا مېنىڭ چېكەمدە
ئېغىر يۈككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئەجدادىمنى كۆندە مىڭ رەت داتلايمەن،
ئەمما ئۆزۈم بىر غېرىچچە ماڭمايمەن،
ماختاش بولسا ھوزۇرلىنىپ ئاڭلايمەن،
ئاڭلاپ-ئاڭلاپ سۆيۈنىمەن، قانمايمەن،
ماختاشقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ماختاپ تۇرسا قىن-قىنىمغا پاتمايمەن،
ئۈچمەنكى كۆكتە ...يەردە ياتمايمەن،
)قانىتىم يوق (ئەمما موللاق ئاتمايمەن،
ھاي !دېگەننى يېنىمغا يولاتمايمەن،
مەن ئۈچۈشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
تەنقىد دېسە شۇ ھامانلا باتنايمەن،
ھېچ قاچاندا ئەينەككىمۇ باقمايمەن،
جەھلىم بىلەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئاقلايمەن،
بۇ ئادەتنى تا مەڭگۈگە ساقلايمەن،
شۇ ئادەتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

داشۆگىمۇ ئۆتتۈم بولدى پۈتتى ئىش،
خىزمەت تەييار ئۆتسە ئەمدى تۆتلا قىش.
لازىم ئىكەن نېمىگە ئۇ ئۆگىنىش،
)بىلىم ئەمەس دىپلومغىلا قارارمىش.
جان قىينىماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قىزىقمايمەن دەرس دېگەن نېمىگە،
ئاھ !ئاشقىمەن ئولتۇرۇشقا، پېشكە،
تەگكۈزمىسەم ئىچمەيمەن قىز لېۋىگە،
ئىچىۋالسام ئايلىنىمەن دېۋىگە،
دېۋىلىككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئاتا-ئانا يۇرتتىن ئىزا تارتمايمەن،
ھەممە گۇناھ ئۆزۈڭدە دەپ ئارتىمەن،
ئاھ !نيۇ-يورك، پارىژلارنى يارتىمەن،
سۆزلىسەم كۆپ ئادەملەرنى قارتىمەن،
ئىلغارلىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئۆيدىن كەلگەن پۇل پۇلغا ئۇلاشمايدۇ،
پۇل بولمىسا سورۇن قايناپ تاشمايدۇ،
يېڭى چىققان مودا مەندىن ئاشمايدۇ،
ئۆز كىيىمىم ماڭا ھېچ ياراشمايدۇ،
مودا قوغلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

داشۆسىلار ھەر چاغ ئۇلۇغ ئاتالغان،
مەدەنىيەت داشۆسىدىن تارالغان،
بىلىملاركى دۇنيا ماڭا يارالغان،
")تۆت توم "دىمۇ دەل ئاشۇنداق قارالغان(،
شۇ قاراشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
ئىست دەيمەن بەزى ئەخمەق باللارغا،
ئىشىندۇ ئەجدادىغا، ئاللاغا،
داغ چۆشۆرمەي غورۇرلۇق ساپ قانلارغا،
ئۇل قۇرارمىش كەلگۆسى ئىقباللارغا،
مەن ئەكسىچە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن،

قىنايدىكەن ئۇلار شۇنچە جىننى،
ئۇنتۇپ قالار ھەتتا ئاش ۋە نىننى،
ئويلار ئىمىش ئەل-يۇرتىنى، ۋەتىننى،
تۆكەر ئىمىش شۇ يولدا ھەم قىننى،
مەن قان تۆكمەي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.،
بۇ دۇنيادا ۋەتەن دىگەن تولا گەپ،:
مىللەتمۇ ھەم يۆرۆشمەمدۇ تۆركۆملەپ،
ۋەتىنىم شۇ چىقسا ماڭا نەدە نەپ،
)بۇ سۆزۆمنى خەق بىلمىسۇن بولدى خەپ،
نەپ كۆزلەپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پۇل تاپىمەن شەمۇ شەرنى ئارىلاپ،
يول-ياتاقتا قۇرۇق نانىنى غاجىلاپ،
تىنىم تاپماي زاۋۇت، دۇكان ئارىلاپ،
بەزى چاغدا ھەمراھىمنى قارىلاپ،
دىل يارىلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.
جىك گېپىم شۇ پۇلدىن ئۆزگە دوستۇم يوق،
سىنت چاغلىق زىيان بىلەن خوشۇم يوق.
پۇلۇم مىڭ جىڭ، ئۇچامدا بىر كاستۇم يوق،-
شۇڭىمىكىن ئابروي-يۈزۆم، پۇشۇم يوق،
ئابرويسىزراق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

يۇرتداش، تۇغقان نىمە، پايدا ئالدىدا،
توغرىلايمەن ئىشنى تېزدىن دالدىدا،
مىڭ بىر ھىيلە-چارە باردۇر كاللىدا،
ئۇنىڭ بىرى بارمىكىن تاڭ داھىيدا،
شۇنداق دانا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

توۋا دەيمەن بەزى ئەخمەق بايلارغا،
قېپتۇ ياردەم يۇرتى نامرات جايلاغا،
مەكتەپ ساپتۇ مەرىپەت دەپ سايلارغا،

نېمە ياردەم ئۇ كۆكتۆش، گادايلارغا،
مەن ياردەمسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پۇل تېپىشتا تارتقان تالاي جەبرەمگە،
قالدۇرغۇم يوق بىر سىنتمۇ نەۋرەمگە،
ئۆلسەم ئەگەر پۇلنى تېكىپ مەيدەمگە،
ئەكېتىمەن جەزمەن ياتقان قەبرەمگە،
پۇلغا شۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمشقا؟ دەپ سورىسا گەر كىمدە-كىم،
كېسلگەندۇر پۇلدا مېنىڭ كىندىكىم،
دەپ بەرگىنىم چوڭ ئۈچۈر ھەم ئەمگىكىم،
بەرمىسە ھەق يوق مېنىڭ دەپ بەرمىكىم،
شۇ مىراسقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھەر يىل تۆلەپ ئوتتۇز بەش خىل سېلىقنى،
لەڭگە بەردىم بۇغداي، قوناق، تېرىقنى،
دېمەي قوياي تاپاندىكى يېرىقنى،
شۇ ھالەتتە قىلدىم دېھقانچىلىقنى،
سېلىقلارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

تۇغۇلغاندەك مەڭگۈ كەتمەن چاپارغا،
تولا باردىم قارا قىشتا ھاشارغا،
تولۇپ كەتتى ئالقىنىمغا قاپارغا،
ئادەم دېگەن ئۆلمەيدىكەن جاپاغا،
جاپاغىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىر نېنىم بار ئىككى گۆدەك تويۇشقا،
بىر قويۇم بار قۇربانلىققا سويۇشقا،
نەدە چولا بەدىنىمنى يۇيۇشقا،
مەن رازىمەن ئاشۇ مۇقىم تۇرمۇشقا،
شۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

باش كۆتۈرمەي ھۆددە يەرنى تېرىيمەن،
ئېتىزلىقتىن چىقماي شۇنداق قېرىيمەن،
بۇ دەۋردىن نەچچە ئەسىر نېرىمەن،
ياۋاش، نادان، بىچارىلەر پىرىمەن،
شۇ" پىر "لىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھەپتىدە تۆت جەرىمانە تۆلەيمەن،
شۇ پۇل بىلەن سېكرىتارنى يۆلەيمەن،
بالام يالىڭاچ ...بۆشۆككىلا بۆلەيمەن،

ئىش ئالدىراش، نەدە يۆدۆپ يۈرىمەن،
بۆشۆككىلا كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

ياراتمايمەن ئۆز ئېتمنى، ئىسممنى،
تونۇمايمەن ھەتتا ئۆلۆم خېتمنى،
"ئۇرغۇي "دەيمەن سورىسا مىللىتمنى،
چۆشەنمەيمەن دەۋردىكى رېتمنى،
مەن رېتمسىز كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

سۆنئىي ئوغۇت مول ھوسۇل دەپ سانايمەن،
شۇ ھوسۇلدىن ئەمدى قانداق تانايمەن،
سۇ تالاشسام قوشنىلارنى چانايمەن،
دېمەيمەن ھېچ بۇ پەيلىمدىن يانايمەن،
مول ھوسۇلغا كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىش دېگەننىڭ مەن ئۆچۈن ھېچ سانى يوق،
مىدىرلايمەن پۇت-قولۇمنىڭ جانى يوق،
بەزى-بەزى باللىرىمنىڭ نانى يوق،
سېكرىتاردىن باشقا قەدىردانىم يوق،
قەدىردانغا كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

يىل ئاخىرى پۇل ئالسامۇ تۇلۇمدا،
"قەرزىنىڭ تۆلە "دەيدۇ ئوكۇ-سولۇمدا،
سىنت قالماي ئاخىردا قولۇمدا،
دېيەلمەيمەن شۇڭا ھەرگىز پۇلۇم بار،
پۇلغا ئامراق كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

ئېتىزلىقنىڭ نېرىسنى كۆرمەيمەن،
بەختىم ئۆچۈن قىلچە خىيال سۈرمەيمەن،
تىل-دەشنامغا دەۋا قىلىپ يۈرمەيمەن،
رەنجىمەيمەن، ھەتتا قاپاق تۈرمەيمەن،
كۆتۈرۈشلۈك كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

ۋاز كەچكەنمەن ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن،
پەرقىم يوقتۇر ھېچ ماشىنا ئادەمدىن،
ھەممە ئىشنى كۆرىمەن پىشانەمدىن،
بولدى شۇنداق ئۆتۆپ كېتەي ئالەمدىن،
مەن نالىسىز كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

بۇ دۇنيادا بەلكىم مەندەك بىر كىم يوق،
تا ئۆلگۆچە ئىشلىمەك شۇ گېپىم يوق،
قاتتىق ئىشتىن باشقىغا كېرىكىم يوق،
تەنۇ-جىسمىم بارۇ لېكىن يۈرىكىم يوق،

مەن يۇرەكسىز كۈنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

تارتالمايدۇ ئات ھارۋىسى ھالىمنى،
كۆردىڭىزمۇ يارىشمىلىق خالىمنى،
قويۇۋالغانمەن ساپ كۆمۈشتىن نالىمنى،
ياراتمايمەن شۇڭا ھەتتا ئالىمنى،
ھال تارتىشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كىيىم دېسە" ملك تەسەددۇق "جان دەيمەن،
بۇ مەن ئۈچۈن كاتتا شەرەپ-شان دەيمەن،
كىيىم ھەتتا يۈرىكىمگە قان دەيمەن،
توشمايدىغۇ كەيگىنىمگە سان دەيمەن،
مەن سانىماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پارقىرايدۇ ئۈستىبېشىم زىننەتتىن،
خەق ئەيمىنەر تۇرقۇمدىكى ھەيۋەتتىن،
ھېچ بىلمەيمەن بىر يوشۇرۇن غەيرەتتىن،
ئاغزىم بىكار بولماس سۆزدىن غەيۋەتتىن،
غەيۋەتخۇمار كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىلىم دېگەن نېمىكىن تالڭ ئوقمايمەن،
كىتاب-پىتاپ دېگەنىنمۇ ئوقمايمەن،
ۋاقىت تاپسام لەززەتلىنىپ ئۇخلايمەن،
مەندىن ئېسىللارنى كۆرسەم پۇتلايمەن،
پۇتلاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمە پايدا كەپتۇ قۇرۇق بىلىمدىن،
ھېچنېمەم يوق مىنىڭ ئارتۇق گېلىمدىن،
شۇڭا كۆركەم تۇرىمەن ئۆز خىلىمدىن،
ياقتۇرىمەن ئۆز ئىشىمنى دىلىمدىن،
كۆركەم يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

گۆش قاينايدۇ كەلسە ئەگەر ئاتا-ئانام،
دەيدۇ ئۇلار بەكمۇ باقتىڭ جان بالام،-
ئاغرار بېشىم كېلىپ قالسا قېينانام،
"ۋاي بېشىم "دەپ ياتىمەن شۇ ئىش تامام،
باش ئاغرىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەك ئاسرايمەن، گۆلدەك، ئالتۇن بويۇمنى،
ئۇپراتمايمەن ھەتتا بىر تال مويۇمنى،
ئويلىمايمەن باللىرىمنى، ئۆيۈمنى،
قىلسام دەيمەن قايتا ئىستت !تويۇمنى،

تويغا ئامراق كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

ياشرىمەن يىگرمە ياش، توي دېسە،
چۆشتى گىلەم، نەق پۇل يەنە قوي دېسە،
خەجلىنىپتۇ تويدا ئون مىڭ كوي دېسە،
قانچە ئابروي خەقلەر ئاكلاپ ھوي دېسە،
مەن ئابرويلۇق كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

ياشاپ نىمە بار ئابروي-ئاتاق دېمىسەم،
بەرسە خۇدا خانىشلىقنى تىلىسەم،
ھېچكىشنىڭ گېپىگىمۇ كىرمىسەم،
كۆڭلۈم نىمە تارتسا كىيسەم ھەم يېسەم،'
گەپكە كىرمەي كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

ئائىلىنى دەركەن مىكرو جەمئىيەت،
گۆللىنەرمىش بولسا بىر دىل، بىر نىيەت،
ماڭا لازىم ئەمەس سوكال تەربىيەت،
ئۆز يولۇم بار ماڭىدىغان تا ئەبەد،
تەربىيىسىز كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.

خاتىمە

يۈگەنلىنىپ مىنىلىدۇ كۆنسە ئات،
بۇ ئاز كىلىپ دەيدۇ تېخى ھاۋا تارت،
كۆنۆش شۇنداق چوڭقۇرلىشار قاتمۇ قات،
ئاقماس ھەرگىز كۆنۆپ بولۇپ دېسە دات،
ئەمما مەن بەك كۆنۆپ قالغان ئوخشايمەن.
كۆنۆش شەيتان، كۆنۆش بەكمۇ خەتەرلىك،
پاكىت سانسىز شۇنچە قايىل ئېتەرلىك،
بولار ئەمدى شۇ كۆنگىنىم يېتەرلىك،
ئەڭ ئاخىر بىر ۋارقىراي جىگەرلىك،
كۆنمەسلىككە كۆنسەم ئاندىن ياشايمەن.

# ئۇلار شۇنداق ئاتلار ئىدى

ئابدىرېھىم ئابدۇللا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

هەممە شائىر ئانىملا دىدى ،
ئاتىلىرى يوقمىكەن ئەستە.
ئۇلار شۇنداق ئاتىلار ئىدى ،
يولۋاسىمۇ قويغان ھەۋەستە.

ئۇلار شۇنداق ئاتىلار ئىدى ،
نى گۆزەللەر بولغانتى شەيدا.
خەنجەر بۇلۇپ قادىلار ئىدى ،
بولسا مەلئۇن ھەر جايدا پەيدا.

نەيزىسىنىڭ ئۇچچىدا چۆلپان ،
قىلىچىدا تاڭنىڭ يالقۇنى.
ۋەتەن ئىشقى ئۇۋقلارغا قالقان ،
ئايىقىدا قاننىڭ دولقۇنى.

يىڭنىلەرگە رەھمەت ئوقۇلدى ،
جەڭگاھ بىلەن ئۇنتۇلدى ئوقيا ،
كۆسەيلەرگە داستان پۈتۈلدى،,
قىلىچ بىلەن يارالدى دۇنيا.

بىز ئاتالدۇق بەزمىدە يىگىت ،
جان ئاتىلار جەڭلەردە شېھىت.

توقاچ بەرسە ئانام تۇنۇردىن ،
ئەرك بەرگەن ئاتام جەڭلەردە ،
كۆينەك بەرسە ئانام ماتىدىن ،.
بايراق بەرگەن ئاتام زەپەردە.

مەن يىقىلسام ئانام يىغلىدى ،
ئاتاپ سىلكىپ مىندۈردى ئاتقا; .
جاپالاردا راسا تاۋلىدى ،
خار قىلماي دەپ ياۋلارغا ياتقا.

مىڭ يىگىتنىڭ مىھنەت لەرزى بار ،
قۇلىدىكى ھەر بىر قاداقتا ،
ھەر كۆلكەمنىڭ پۈتمەس قەرزى بار ،
ئۇ ئىشلەتكەن خەنجەر ساداقتا.

بىز ئاتالدۇق بەزمىدە يىگىت ،
جان ئاتىلار جەڭلەردە شېھىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# تۆگمەس ناخشا

تېيىپجان ئېلىيوۋ

ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن،
شۇ كوچىنى ئەگىپ كىتەلمەي.
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن
ئاۋارىمەن تىخى يىتەلمەي.

بۈگۈن ئاخشام ئوتكەنتىم يەنە،
ناخشام بىلەن دېرىزە قىقىپ.
قەيەردىندۇر ئىشىك غىچىرلاپ،
كايىپ كەتتى بىر بوۋاي چىقىپ.

جارقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق،
ساراڭمۇ سەن ئوڭشالمايدىغان.
يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن
قانداق ناخشا بۇ تۆگمەيدىغان.

كايىما بوۋا ،
سەنمۇ بىر چاغدا.
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنمۇ ئېيتىپ تۆگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇــ
تۆگمەيدىغان.
-1956يىل، ئاۋغۇست

6-كېسلگەن توغراق--------------------قۇربان بارات
7-دېھقان بولماق تەس------------------- روزى سايىت
8-سۇلايمان گۇۋاھ----------------------- تاھىر تالىپ
9-سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزلەپ---------- ئەخمەتجان ئوسمان
10-ئالمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ------------ ئوسمانجان ساۋۇت

## كېسلگەن توغراق

### قۇربان بارات

ئەكەلدىم بازاردىن بىر هارۋا ئوتۇن ،
قار-مۇزلار ئىلكىدە قالغاندا جاهان.
سوغۇقتا بىردۇ قۇياش تەپتىنى ،
مەش ئوتى- ئالتۇن رەڭ چېچەكلەيدىغان .
ئوتۇننى رەتلىدىم ۋە بايقىدىمكى ،
ھەممىسى قۇرۇق شاخ ئەمەسكەن بىراق .
شاخلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى بىر تۈپ
ياش ۋە هول ،يىغلا كېسلگەن توغراق ،
ئۇ مىنىڭ ئالدىمدا ياتاتتى جانسىز ،
ئۇلۇم ئازابىدىن ئاچچىق تولغۇنۇپ .
ئانارنىڭ سۆيىدەك قانلىق كۆز يېشى ،
كېسلگەن جايىدا قاپتۇ مۇز بولۇپ .
مەن غالىپ ۋاقتقا باغلىدىم ئىشەنچ ،
ۋاقىت ھەل قىلىدۇ كوپ مۇشكۇلاتنى .
ئۇ ياشنى قىرىتىپ ،هولنى قۇرۇتۇپ ،
كۆيگۈدەك قىلىدۇ سانسىز ھاياتنى .
هول توغراق هويلامدا ياتتى قىش بويى ،
قەھرىتان سوغۇقلار مۇزلاتتى ئۇنى .
قىش ئۆتتى ۋە ئۇنى قويىدى زەربىدە ،
باهارنىڭ بورانلىق جۇدۇن -چاپقۇنى ..
ياز كىلىپ باشلاندى ئىسسىق كۇنلەرمۇ ،
بۇ توغراق ئاپتاپتا ياتتى هالسىراپ .
ئۇيلۇدۇم ،ھۆللىكى يوقالدى بەلكى ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاپتاپ ۋە شامالدا قۇرۇپ -قاغجىراپ .
لېكىن كىم ئۆيلاپتۇ ؟مەن ھەيران قالدىم ،
توغراقنىڭ ئاداققى ،مەغرۇر ئىشىدىن .
تومۇزدا نوتىلار چىقتى بىخ سۈرۈپ ،
ئۈنىڭ غول ۋە كېسەك بېغىشلىرىدىن .
دۇنياغا كوز ئاچقان بۇ يېڭى بىخلار ،
كېسىلگەن توغراقتىن تاپقان ئىدى جان .
نۇرلىنىپ تۇراتتى ئۇلار ياپ -يېشىل ،
باھاردا ئويغانغان مايسىدەك يۇمران .
ۋە ھەممە ھاياتلىق بوغۇنلىرىدەك ،
كوزگە تاشلىناتتى بۇدرۇق ھەم ئوماق .
سەبى بىر نەزىردە بىقىپ جاھانغا ،
كۆلەتتى بۆشۈكتە كۆلگەندەك بوۋاق .
تۇغۇلغان بۇ بىخلار ئاپتاپ قويىندا ،
تەلپۈنۈپ تۇراتتى ئەركە ھەم ئويناق .!
قەيسەر بىر ھاياتنىڭ ئۆلمەس كۈچىنى ،"
نامايەن قىلاتتى كېسىلگەن توغراق .
بىلدىمكى ،جاڭگالنىڭ بۇ نەۋقىرانى ،
تىپخى تىز پۈكمىگەن ئولۇم ئالدىدا .
ئۆلمىگەن ،ئۆتىسمۇ شۇنچە ۋاقىتلار ،
ئانا يىلتىزىدىن بولسىمۇ جۇدا .
ئويغاتتى پىكرىمنى قايناق كۈچ بىلەن ،
كېسىلگەن توغراقتا ياشنىغان نىھال .
توغراقنىڭ تەقدىرى توغرىلىق مەندە ،
قوزغالدى ئىلھاملىق ،ئەركىن بىر خىيال .
ئويلىدۇم: مىتالنىڭ قاتتىقى پولات ،
تاۋلىنىپ چىقىدۇ ياللۇنلۇق ئوتتا .
قارغاينىڭ قامىتى ۋە يېشىللىقى ،
دۇنياغا كېلىدۇ قاتتىق سوغۇقتا .
شۇ كەبى توغراقنىڭ تەبىئىيتىنى ،
تاۋلىغان جاڭگالنىڭ جەۋرۇ -جاپاسى .
بوستانلار ماكانى ئەمەس ئۈنىڭكى ،
ۋەتىنى بىپايان قۇملار دۇنياسى .
ئۇ ئانا تۇپراقتىن تىپىپ ھاياتلىق ،
كەڭ چۆللەر باغرىدا ئوسەر تۇغۇلۇپ .
بىر زامان دەريالار ئاققان ئىزلاردا ،
ياشايدۇ باراقسان بىر ئورمان بولۇپ .
ياز پەسلى ئالدۇ ئۇنى قويىنغا ،
قۇياشنىڭ ياللۇنى، چۆل بورانلىرى .
قىش كۈنى سوقىدۇ ئۇرۇپ ئاياۋسىز ،
تىنىمسىز جەزىرە شۇۋىرغانلىرى .
دەريالار قىلمايدۇ ئاڭا غەمخورلۇق ،
ۋە ھېچكىم چۆل ئارا سۈزارماس ئۇنى .

ئېسگە يەتكەندە يوقلايدۇ پەقەت ،
يازكەلگۈنلىرىنىڭ قىسقا تاشقىنى .
لېكىن ئۇ بەك ئۇزاق ئەسىرلەر بويى ،
ئۆسمەكتە چۆللەردە يامراپ ھەر ياقا ،
ئۇزلۇكسىز كۆپەيتىپ پېشىل نەسلىنى .;
دەھشەتلىك زەربىلەر ،ياۋايى ئىقلىم ،
يوق قىلىپ كېتەلمەس دۇنيادىن ئۇنى .
ئۇ ھامان ئۈسىدۇ ،بېسىپ كەلسىمۇ
ئېقىندەك ئۆركەشلىك قۇملار دولقۇنى.
كېسىلگەن ،تاشلاندۇق بىر ھالەتتىمۇ ،
ئۇ مانا مۇشۇنداق گۈللەيدۇ يەنە .;
يېشىل بىخ سۇرۇدۇ خۇددى تىرىكتەك ،
ھاياتى كۆچىنى قىلىپ تەنتەنە .
ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ گۈللەشلىرىدە ،
يارىدار جەڭچىنىڭ كۈلۈشلىرى بار .
ئۆلمى ئالدىدىن ئاخىرقى قېتىم ،
قىلىچقا تايىنىپ يۈرۈشلى بار .
ئۇ گويا ھاۋادا ئۇق يېگەن لاچىن ،
بۇلۇتلار باغرىدا ياڭرىتار سادا .
ئۇ گويا زۇلمەتتە ئۆچكەن بىر يۇلتۇز ،
نۇرلانغان ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا .
مەن ئاڭا تىكىلدىم مۇھەببەت بىلەن ،
تۇغۇلدى قەلبىمدە مەغرۇر بىر قوشاق .
ئۆلمەس بىر خەلقنىڭ تىمسالى بولۇپ ،
كۆرۈندى كۆزۈمگە كىسىلگەن توغراق .

**1967-يىلى 7-ئاي (كورلا )**

**دىھقان بولماق تەس**

**( رۇزى سايىت )**

شائىرمەن قىلمىغاچ يالغانغا ھەۋەس ،
سۆزلەيمەن ھەق گەپنى ، يالغاننى ئەمەس ،
بىر ئوت بار يالقۇنى قەلبىمدە پەۋەس ،
شۇ ئوتنىڭ ئۆرتىشى ئەتتى مىنى مە س ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەستلىكتە دەۋالاي ، لېكىن مەن پەخەس ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!
ئالەمنىڭ ئابادى دېھقان تەرىدىن ،
چۆللەرنىڭ گۈللىشى ئۇنىڭ بەھرىدىن ،
ئۇ باقار شەھەرنى ، كىچىپ مەرىدىن ،
ئۇنىڭ يوق تاماسى ،تاختا-پەرىدىن ،
پەرقى يوق تۆھپىدە ھەسەل ھەرىدىن ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

ئۇ مۆمىن ، بەك يۇۋاش ،ساددا- مۇلايىم ،
بوشماس ئالقىنى كەتمەندىن دائىم ،
دەر: ئىشلەي بولسا ساق يەتتە ئەزايىم ،
تەقدىردە : ئېتىزدىن ئېلىنمىشلايىم ،
رىسقىمنى، ئەجرىمنى بەرسۇن خۇدايىم ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس ! .

پاراغەت دىلبىرى ئاچقىچە قۇيۇن ، !
تۆت پەسل توختىماي كۆرستەر ئۇيۇن ،
قىشتا سۇغ ، يازدا ئۇپ ،باھاردا قۇيۇن ،
گاھ كەلكۈن،گاھ تۇمۇ قىسقۇزار بۇيۇن ،
دەر قىسمەت : جاپاغا خام كىكىر- تۇيۇن ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

قاراشلىق كارا بار ئۇنىڭ بېشىغا ،
يۈگرەيدۇ ئۆستەڭگە - دامبا قېشىغا،
ۋاقتىنىڭ ئاشقىنى ئېتىز ئىشىغا،
قورۇقلار ماس كەلمەس ھەرگىز يېشىغا.
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

ئۇ- ئۆكۈز تىنىمسىز تارتىدۇ ساپان ،
شاكراپ تەر دەستىدىن شورلايدۇ چاپان ،
كۆيۈدۇ چۇققىسى ، كۆيۈدۇ تاپان ،
چاك-چاك يېرىلىپ قانايدۇ ئالقان ،
ئەمما ئۇ ۋايجانلاپ كۆتەرمەس چوقان ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

تېرىمنىڭ كەينىدىن مايسا پەرۋىشى ،
ھە - دېمەي بۇلىدۇ يىغىم تەۋرىشى ،
ئېتىزدىن بوشسا ئۆينىڭ تەشۋىشى ،
ئىشەكنىڭ ھاكىرىشى ، قوينىڭ مەرىشى ،
يىل بۇيى ئۆكسمەي پىشىپ تەرلىشى
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

كىتمەن دەۋاتقان ئوسنىڭ نېمى ،
مېنى تاپ دەۋاتقان ئوغۇتنىڭ كېمى ،
ئۈششۈيمەن دەۋاتقان قوناقنىڭ خېمى ،
تۇرسا سىرت ئالۋىڭى ، ئۆزىنىڭ غېمى ،
تالجىقسا- ھېرىقسا كېسىلىپ دېمى ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

كېلىدۇ بايراملار ئايەمگە تۇتاش ،
دېھقاننىڭ بايرىمى ئوتاش ھەم پۇتاش ،
ئوي- پىكرى ھېيت ئەمەس ھۆسۈلنى بۇداش،
ئايەم شۇ قازناقتا كىرسە كۆپراق ئاش ،
مەشرىپى- ماتېمى خاماندا ئاداش ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

ئۇ ئەمەس ئۈنۈۋاندار تەلەيلىك كىشى ،
توشمايدۇ بىر ئۆمۈر پىنسىيە يېشى ،
يوق تۆمۈر تاۋاقتا ئۆزۈلمەس ئېشى ،
يوق مائاش - دەرىجە ئۆستۈرۈش ئىشى ،
ئايدا ساق ئوتتۇزكۈن ئىشلەر ياز- قىشى ، !
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

چوڭ- كىچىك شىنچىلەر يۇقلىماس ئۇنى ،
تەنجىيامۇ شۈيجىيامۇ ياقلىماس ئۇنى ،
كانىكول تەتىللەر ساقلىماس ئۇنى ،
يوقلايدۇ ، ساقلايدۇ جاپا خاس ئۇنى ،
شۇ خاسلىق باغاشلاپ سۆيەر راس ئۇنى ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !
ئۇ تەرگەن پاختىدىن بىزنىڭ ئۈستى باش ،
ئۇ چەشلەپ يىغقان دان بىزنىڭ يىگەن ئاش ،
ھەم شۇنىڭ تەخسىگە چىققان گۆش- ئوتياش ،
ئۇباقان پىلىدىن بىزنىڭ يوتقان تاش ،
ئۇ بولغاچ مەرت ھاتەم بىز مۇشۇنداق شاش ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

مەن ،سەن ، ئۇ سەھرالىق يېزىدىن ئەسلى ،
دېمەك بىز ئەسلىدىن دېھقاننىڭ نەسلى ،
نىسلىدىن ياتلاشقان كۆرمەس بەخت پەسلى ،
قەدرىنى بىلگەنگە ئۇ ئىللىق يەسلى ،
يەسلىگە سۆزمسۇن قول ، ئاياز پەسلى ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس !

بەزىلەر دېھقاننى ساغار كالىدەك ،
ساغقانچە بىلىنەر سۈتى چالىدەك ،

ئۆزىلا ئاق دىھقان كۆڭلى ئالدەك ،
مۇڭلانسا تۇيىلار تۆھمەت- يالدەك ،
رىسقىغا چاڭ سالار ئۆگەي بالدەك ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

بەزىلەر كەتتىغۇ ئەجەپ سولىشىپ ،
ھىلىسى يىلىسى باردى مولىشىپ ،
سەھنىدە تۆزىشىپ توختام قولىشىپ ،
"قاتلىنىپ ئاشتى" دەپ دوكلات يوللىشىپ
مۇكاپات ئېلىشتىق تۆرنى گوللىشىپ ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

ئەللىك كۈن تۇرۇقلۇق تۆھپە ئەمگىكى ،
يىل بۇيى ئىشلەتتى ھاشار بەگلىكى ،
رەت قىلسا تۆلەم بار ، قالتىس دەللىكى ،
ئەرز قىلسا چاقۇندا قالار پەللىكى ،
دىھقانغا مۇشۇنداق ياشاش تەڭلىكى
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

ئۆزىلەي دىگەندە ماغدۇر يىلىگى ،
يۇقۇرغا ئاڭلىنار ئەرز- تىلىگى ،
ھال سۇراپ كىلىشەر خىزمەت ئۈمگى ،
يىتەمدۇ يىلغا دەپ ئوزۇق - يىمگى ،
بارى بار نەھاجەت ،ئۇ-بۇ دىمگى ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

دىھقان دەر تەكشۈرۈپ كەلگەن ئۈمەككە ،
ئوخشايدۇ ھالىمىز ئەتىسىز مۇنەككە ،
بىز گويا قارچۇغا ؛ چۈشكەن تۈنەككە ،
مۇھتاج بىز يورۇقتا ،بىر يار - يۈلەككە ،
دىمەيمىز بۇگەپنى سىزدىن بۆلەككە ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

ساق تۇرۇپ ئىككى قول - ئىككى پۇتىمىز ،
دەپ تۇرۇپ پايدىلىق پەيتنى تۇتىمىز ،
تۇتقانچە بوششىپ ھەسرەت يۇتىمىز ،
كىملەرنىڭ پەيلىدىن نابۇت پۇتىمىز ،
قاچانمۇ ئۇتۇلماي ، يىڭىپ ئۇتىمىز ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

جەدىۋەللەر ئاشتىغا يوللايدۇ سانىنى
ئالدۇ سۈپۈرۈپ ئاخىرقى دانىنى ،
ئالدايدۇ دۆلەتنى ، سىلىپ زىيانىنى ،

پوچىلىق ، نوچىلىق ، قىنىدۇ جاننى ،
جەرىمان توختىماي كولايدۇ ياننى ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

يۇرت- يۇرتتىن تەكلەيدۇ ، كۆكلەك ،چاپان-كەش،
[ھەشقاللا ئىپتىمىز بولسىمۇ نىمكەش ،
بىزشۇنداق تىلەمچى ، گاداي كۆكلى غەش ،
قىززىق ئىش يەر مۇنبەت ، ھەر خاماندا چەش ،
بىلمىدۇق كىم جەمشت، كىملەر لەيلۇەش ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

كۆردۇقلار ھالىمىز شۇقەدەر ناچار ،
قازناقلار قۇپ- قۇرۇق ،چاشقانمۇ قاچار ،
يەي دىسە تۇگىدى ، يىمىسە ئاچار ،
بىز نىچۈن بۇپ قالدۇق بۇ ھالغا دۇچار
كەتسەكلار " چاقتىك " دەپ قەھرىنى چاچار ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس ! .

ئوغۇتمۇ پۇل دەيدۇ ، ياللىراقمۇ ھەم ،
تۇگمەنمۇ پۇل دەيدۇ ، جىنچىراقمۇ ھەم ،
پۇل دەيدۇ تاغارمۇ ، تۇخناقمۇ ھەم ،
پۇل دەيدۇ يولدىكى بوغناقمۇ ھەم ،
پۇل قىنى ؟ پۇل نەدە؟ غەم ئۇستىگە غەم ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس!

دىسىمۇ مەركەزدىن باي بولسۇن دىھقان ،
كىمگىدۇر ياقمىغاچ دىھقانغا ياققان ،
ھەددىدىن ئاشماقتا " ئۈچ قالايمىقان "،
بەس! ئەمدى كۆتەرمەي بولمايدۇ چوقان !
چاچمىغىن سىلىقكەش ، يۈز- كۆزگە قۇقان ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

دىھقانىنىڭ بەختىگە سانىما قارا ،
دىھقانىنىڭ قەلبىنى ئەيلىمە يارا ،
دىھقانىنىڭ يولىغا قازمىغىن ئورا ،
كىم دىدى "دىھقانىنىڭ قىنىنى شورا " ؟
دىھقانىنىڭ بىشىنى سىلا ! ھال سورا !
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

دىھقانمۇ ياشىسۇن ، كۈلسۇن ،يايرىسۇن !!!،
دىھقانمۇ جاراڭلىق ئۇندە سايرىسۇن ،
دىھقانمۇ كۆكلىسۇن ، ئۆسسۇن- ئاينىسۇن !،
قازنى ماي كۆرسۇن ، پات-پات قاينىسۇن ،

ئۇ...ھ ! دىسۇن ،ھېيت - بايرام مەشرەپ ئۇينىسۇن ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس !

سەن بىزدەك گەدىنى قاتقان نەدە بار ؟
مۆھ يەپ شاختقا تىغ چاپقان نەدە بار؟
تۆز بەرگەن تۇزلۇقنى چاقان نەدە بار ؟
دىھقاندەك ئەل - يۇرتنى باققان نەدە بار ؟
ئېيتمىساق بولمايدۇ ئۇنىڭ دەردى بار ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس ! ;

شائىرمەن دىھقانىنىڭ باغرىدا ئۆسكەن ،
شائىرمەن ئۇ بەرگەن زاغرىدا ئۆسكەن ،
شائىرمەن ئۇنىڭ ئاش تاغرىدا ئۆسكەن ،
شائىرمەن توي كۆرگەن ناغرىدا ئۆسكەن ،
يالغاننى يازماقتىن راست سۆزلەش تەسكەن ،
تەس دىسە ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس

سۇلايمان گۇۋاھ

(تاھىر تالىپ)

'مېھمان كەلدى دىدى بالىلار،
خوش كېلىپسىز دىدىم مەنمۇ ھەم.
دەستخاننى كەڭ سالدىم ئاتا,
ئەھۋال سوراپ يەنە، دەممۇ - دەم

چۈشۈرمىدىم تۆرىدىن ھىچقاچان.
ھەم يىگۈزدۇم تويۇپ يانغۇچە،-
باغ-ۋاراندا ئويناتتىم كۈتتۇم،
ئۇ يايرىدى كۆڭلى قانغۇچە.

قورساق سىلاپ،سەمرىپمۇ كەتتى،
پولو-گۆش يەپ بىزنىڭ لىگەندىن.
لېكىن مېھمان تەۋرەمەس يەنە،
ئېغىز ئاچماس قايتىش دىگەندىن.

ئويلاپ قالدىم قانداق مېھمان بۇ،
كۆرمىگەنمەن كەتمەس مېھماننى.
بۇ مېھماننىڭ خۇلق مىجەزى،
ھەيران قىلدى تامامى جاننى .

كېيىن ئۇقسام ئاكام ئىكەن ئۇ،
دادام تاپقان ھەجگە چىققاندا.
قۇچاقلاشتۇق قايتىدىن ئۇزاق،
ئېچىلمىغان سىرنى ئۇققاندا.

ئۆگەي ئانام-يوللاپتۇ ئۇنى،
ئاتاڭ قايتقان يولدا چاپقىن دەپ.
ئابى زەمزەم ئېلىپ كوزىغا،
ئىنىلەرنىڭ ئۆيىنى تاپقىن دەپ.

ئۇمۇ تۆردىن چۈشمىدى كىيىن،
مەن يەتكۈزدۈم تۇققانچىلىقنى،
تاپا قىلسا، غىڭ-پىڭ قىلمىدىم،
سىر تۇتمۇدۇم بىر تال تېرىقنى .

مانا ھازىر مەن ئاكا مېھمان،
قورۇنمەن ئۆز ئۆيۈمدىنمۇ.
ئۇنىڭ ئەجرى كۆپتەك بىلىنەر،
ھەتتا ئىچكەن چاي-سۈيىمدىنمۇ.

گاھى فارس،گاھى ئەرەبى،
سۆزلەيدۇ ئۇ كۈندە ماڭا ھەم.
ئەقىل ئۇندىن،پۇت-قول مېنىڭدىن،
خوش-خوش دەيمەن ئاكا دەممۇ-دەم.-

مەن مۇشۇنداق ئەۋلاد ئىكەنمەن،
كۆڭلۈممۇ ئاق باغرىممۇ يۇمشاق.
ئىشەنمىسەڭ سۇلايمان گۇۋاھ ،
قۇشلارغىمۇ بولىمەن قونداق

سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئەخمەتجان ئوسمان

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

1

چېقىلدى زېمىن.
ئالقىنىدا تەڭرىنىڭ.
شۇ مۇقەددەس توزان ئىچىدىن
قوپتى سادىر!

2

-سەجدە قىل...!

يۆكۈندى سادىر،
ماڭلىيىنى ياقتى توزانغا.
كۆتۈرگەندە بېشىنى.
غايىپ بولدى تەڭرى شۇ ھامان،
چاقتى چاقماق،
گۈلدۈرلىدى ئەشئالا.
پەرىزاتلار
ئۇچۇپ كەتتى ئالدىدىن .
ئايىغىغا تۆكۈلدى نۇرلار،
كۆزلىرىنى يۇمدى بىر ھازا.

3

-ئاچقىن كۆزۈڭنى...
سالام بەردى ئاتا جەبرائىل،
ئېگىلدى سادىر
قوللىرىنى قويۇپ كۆكسىگە .
يايدى جەبرائىل ھەسەن-ھۈسەننى،
يۈرۈپ كەتتى سادىر ئۈستىدە
بىلدۈرۈپ ئاتا

مىننەتدارلىق.

4

ھەسەن - ھۈسەندىن
چۈشتى مىڭ ئۈيگە .
كارۋان;
غايىپ بولغان ئاللىبۇرۇنلا
مىڭ ئۈي-
-چۈشۈپ قالغان مىڭ قوڭغىراق،
تۇرار ئىدى جاراڭلاپ.'

5

ئۇگدىدى
قويۇپ بېشىنى گۈگۈمغا.
ئۇچۇپ كەتتى كېپىنەك
كىرپىكىگە قۇنۇپ بىر ھازا
-تېشىپ كەتتى ئۇنىڭ رەڭلىرى
قارىچۇقىغا سادىرنىڭ.
رەڭلەر:
باھار،
ياز،
كۈز،
قىش،
بەشىنجىسى
-پەسىللەرنىڭ پىنھانلىرىدا
يىتكەن پەسىل.

6

-باللىرىم!
چاچراپ تۇردى سادىر ئورنىدىن.
تۆكۈلدى ئالقىنىغا
شاخلىرىدىن كېچىنىڭ
بەش يۇلتۇز.

7

موللىتوختىيۇزدە
ئۇچراشتى ئاتا;
قەبرە تۇسلۇك بىر بوۋاي.
-سادىرمۇ سەن
كەل ئوغلۇم
باللىرىڭنى كۆرستەي ساڭا.

يىتىلەپ چىقتى ئايدىن
بەش ۋاخ نامازنى.

8

ئۈستىدە
سادىر يۇزنىڭ
چىقىلدى بوغدا
تورلار ئىدى ئۇ:
-باللىرىم...!

9

-دادا...!
يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
كاۋاپدان.
كۆيدى زىختا پىژىلداپ-
سادىر يۈرىكى.
قوشاق:
سادىر دەپ چوچەك قالدى،
بىر ئوغلۇم گۆدەك قالدى.
ئوغلۇمدىن سوراپ باقساڭ.
بىر زىخلا يۈرەك قالدى.

10

-دادا...!
ئۆچۈپ كەلدى ئالدىغا
شەپەرەڭ.
ئاستا-ئاستا ئۆچتى نۇرلىرى
سادىر كۆزىنىڭ.
قوشاق:
سادىر دەپ چىراغ قالدى،
بىر ئوغلۇم بوۋاق قالدى.
كۆزىگە قاراپ باقساڭ
بىر جۈپلا كاۋاك قالدى.

11

-دادا...!
يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
جۇدۇن..

تامچە-تامچە مۆزلىدى
سادىر قانلىرى.

قوشاق:
سادىر دەپ باھار قالدى،
ئوغلۇمغا تۇمار قالدى،
ئوغلۇمنى كۆرۈپ باقساڭ،
بىر قاشال چىنار قالدى.

12

-دادا...!
يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
قەبرە
قەبرە تاشتا يېزىقلار:
"مىراس...مىراس...مىراس
قوشاق:
سادىر دەپ نىدا قالدى،
بىر ئوغلۇم جۇدا قالدى.
ئوغلۇمدىن سوراپ باقساڭ،
بىر ئەكس سادا قالدى
13

-دادا...!
لەرزان يازدىم ئالدىغا،
غۇۋا لەپىلدەپ.
چۈشۈپ كەتتى قەبرە
چوڭقۇر ئىچىگە .
قوشاق:"
سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
بىر بالام يېتىم قالدى.
بالامدىن سوراپ باقساڭ،
تېنىدە تېنىم قالدى،
جېنىدا جېنىم قالدى.

14

چېقىلدى قەبرە-
سۆكۈتۈمنىڭ تېرەن تەكتىدە،
تۇتۇقلە ر ئىچىدىن
قوپتى سادىر .

15

www.uyghurkitap.com

-سەجدە قىل...!

ئالمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ

ئوسمانجان ساۋۇت

قەدەھكە قەدەھتەك شاراپ سىغدۇ،
ئىرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ .
قىل سىغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن،
كىشلەر قەلبىدە ئورنىغان سۆزبۇ .

ۋەلىكىن ۋەتىنىم سەن باشقا دۇنيا،
مېھرىڭدىن تاشقىمۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ .
مەن سىنىڭ پەرۋانەڭ، ئورناتتىڭ ئۆزەڭ،
ئالمدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ .

1

11-ئەركەكلەر قىنى سىلەر ---------------ئادىل تۇنىياز
12-ئانا   -----------------------بۇغدا ئابدۇللا
13-ھەيكەل ------------------ئابدىكېرىم خوجا
14-ئوبۇلقاسىمنىڭ يەرلىرى   ------------ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم  .
15-ئات جۇۋازدا ،كالا مەپىدە ----------------مامۇت زايىت

## ئەركەكلەر قېنى سىلەر

## (داستان) ئادىل تۇنىياز

ئەرنىڭ غېرىپلىقى

داۋاملاشماقتا
تېرىلەرنىڭ سىرتىدا،
ئادەملەرنىڭ نۇر ھالقىسىدا،
ئالەمنىڭ باش نوقتىسىدا.
ئەرلەر يۈزلەنگەن ئاپتاپپەرەستەك
ئاياللارنىڭ سەلتەنەتى ئاستىدا،
داۋاملاشماقتا...
جىنسى ئاجىزلىقنى،
داۋالاش توغۇرلۇق ئېلان،
ئوغۇرلۇقچە ئوقۇلۇۋاتقان
ئەركەكلەر ئارا.
نۇمۇسقا چىدىمىغان ئەركەك ئىتلار
ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا
توپلانغان مەيدانغا شەھەرلەردىكى
...داۋاملاشماقتا...
ياشىمىسا بولمايدىغاندەك
كىتىۋاتقان كىشىلەر ئارا.

ئەي ئەركەكلەر كۆرمىدىڭلارمۇ؟
ئەرلەر ھېچكىم ئەمەستەك
ئەر يوقتەك تۆت ئەتراپىدا;
بىخەتەر يۈرەر ئاياللار،
چۈش كۆرىدۇ ئاياللار ھەتتا،
ئويغىنىشىغا يېتىپ كارۋاتتا.
ئەركەكلەر، پاك بولدۇڭلارمۇ
ئايالنىڭ يىغلىغان ئاۋازىغۇ بۇ؟
ۋارقىراشماقتا
تەپتارتماستىن يېنىمىزدىلا
يەتتە ياشتىن ئاشقان ئاياللار،
ئەگ ئەگ نىپىز ئىچ كىيىم بىلەن
ئاپتاپ سۈنۈپ ياتقان ئاياللار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

خۇددى بىز بىلمەيدىغاندەك
قات قات كىيىم ئىچىدە
قىپيالىڭاچ تۇرغان ئايالالار.
ئەرلەرگە كۆز كۆز قىلماقتا
شارقىرىغان قوشنا مۇنچىدا.
ئۇلار بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزدە.
ئۇلار بىزنىڭ گۆللۈكىمىزدە.
ئۇلار بىزنىڭ ئىشخانىمىزدا
كېچە سائەت نۆلدىمۇ
خوتەن ۋاقتى بىردىمۇ
ئىختىيارى مەۋجۇتتۇر ئايال.
ئايال مەۋجۇت تەكلىماكاندا.
ئايال مەۋجۇت ھەممە كارۋانتا.
جىمجىتلىق ئايال.
سايىمىز ئايال.
غېرىپلىق ئايال.
قاتناش قائىدىسى ئايال.
ياتقان نۇر
ماڭغان نۇر.
تۆشۈك نۇر ئايال.
كىچىك ئۆي ئايال!.
چوڭ ئۆي ئايال.
ئەپسانىلارنى يارتىپ
دەرەخ يارتىپ
دەرەخ كاۋىكىدىن
قىز يارتىپ
ئىرىشمەكچى بولغىنىمىزمۇ
ئايالدۇر ئايال.
يەسەۋى ئۆز شېئىرلىرىغا
چوڭقۇر كۆمۈپ قويغان يار
ئايالدۇر ئايال،
ئۇنتۇلدۇرۇپ
-20ئەسىرنى,
ئامىركىنى، توكيونى
روھىمىزغا پەرۋاز قىلدۇرغان
ئايالدۇر ئايال.
ئايال !ئايال !ئايال!
جىنىم، جىنىم ئايال
قارغىش تەككۈر ئايال...
ئەركەكلەر ئالغا!
ئەركەكلەر ھۇررا!
ئاپپاق ھور ئارىسىدا
بىلجىرلىغان ئايالالار.

يىقىن يالىڭاچلىق،
ئۇياتچان ئەر،
سۇ تامچىسى
ساقىپ تۇرغان
پاچاقلار،
نەم چاچلار،
مەزىلىك تەر پۇرىقى،
ئىگىز-ئىگىز ئەمچەكلەر،
مۇجۇپ-مۇجۇپ
ئېزىۋەتسەڭ،
قوش تۇخۇمنى!.
ئېزىۋەتسەڭ،
سۆيۈق ئاپتۇر يازغان كىتابتىن
ئەڭ چىرايلىق قىز پېرسۇناژنى
ئەرگە تېگەر دېگەندە.
ئۆلتۈرۋەتسەڭ سەن، تۇنۇش ئايال
بەش ياشلىق ئەر سۇنغان كەمپىتنى
شاللاقلارچە ئېلىپ يېگەندە.
ئۆلتۈرۋەتسەڭ ھەممە كوچىدا
ساڭا بويسۇنمىغان بەتبەختنى،
ئۆلتۈرۋەتسەڭ لىق بىر پويىزدا:
ئايالالاردىن باشقا ھەر خەقنى،
ئۆلتۈرۋەتسەڭ
ئۆلتۈرۋەتسەڭ ھاياجان بىلەن...

ئايال-
ئەركەكلەرنىڭ ئۆلۈم مەيدانى.

ئايال-
ئەرنىڭ يېنىدا ياتقان
سۈت ئىچىشكە ئامراق
ئوماق بىر مۈشۈك.

ئايال-
بىنالارنى قاپلىغان
دېرىزىسىز غېرىپلىق,

ئايال-
ئالەم بىنا بولغان شۇ كۈنى
تۇنجى ئەرنىڭ بالىياتقۇسى.

ئايال-
يىلان بېشىدا چاقنىغان ئەلدىن

خاقان ئۆلجا ئالغان جانلىق مال.

ئايال.-
بويسۇنغۇچى خەلقلەر
تەگرىقۇتقا سوۋغا قىلغان مەلىكە.

ئايال-
كۆچتۆگگۆر ئەر قەبىلىنى
بارا بارا قۇل قىلغان
رەسمىي ئايال.

ئايال
چۆشكۆنلەشكەن ئەر.

ئايال
ئويغانغان ئەرنىڭ
تۆمۆردا ھۆركىرىگەن شىر.

ئايال-
سەن بىلمەيسەن، بىلمەيسەن
سەن بىلمەيسەن ئەر دىگەن نىمە.

ئەر-
مەڭگۈ بىر ئايالنىڭ كىچىك بالىسى

ئەر-
يالغۇز قالغاندا
نىيىتى بۇزۇلۇپ قاراپ قالغۇچى
چاك كەتكەن تامغا.

ئەر-
مىنىۋېلىپ ئۇستىگە ئاتنىڭ;
ئوتلۇق، پىنھان شەھەرلەرگە
بېسىپ كىرگۈچى.

ئەر-
گويا تەننى بىسۋېلغاندەك
زىمىنلارنى بېسىپ ئالغۇچى..
ئەر-
قان تۆكۆشتىن ھاياجانلىنىپ
ئۆلۈملەردىن لەززەت ئالغۇچى.

ئەر-

نەيزىسنى ئوينىتىپ
ئاياللار دۆلىتىگە
بېسىپ بارغۇچى.

ئەر-
ئايال خاقانىنى
ئايال خەلقىنى
ئايال يېزىقىنى كۆرۈپ
بوشاپ قالغۇچى.

ئەر-
ئايالالرنىڭ دىنىدا
بالىياتقۇ ياساپ چىققۇچى,
مىڭ ئۆي ئۈستىسى.

دىنغا كىرىش مۇراسىمىدا
توپ-توپ خەتنە قىلىنغان خەلق،
ئات ئۈستىدە روھى سۇنغان سەركەردە
جەڭگىۋارلىقى يوقالغان لەشكە،
مەن ئەمدى ئەر ئەمەس دەپ، ئويلىغان ئەر.

چۈشكۈنلەشكەن ئەر
تەسەللىگە مۇھتاج بولغاندا!
سېلاپ تۇرسا بېشىنى ئايال-
يوقاپ كېتەر ئىدى ئېھتىمال.

ئەر-
خورلىسا بىر ئايال مۇبادا
بىردىنلا غەزىپى قايىنىغان بۇقا.

ئەر
ئايال تۇلۇق بىلىپ يەتمىگەن
مەڭگۈ ئۆچۈپ قالمايدىغان ئوت.
ئوت كەتتى ئوت!
ئوت كەتكەن چاغدا
ئەي ئايالالر ، ئامال يوق ئەسلا.
ئامال يوق ئەمدى
ئەرلەر شەھرىدىكى ئايال پادىشاھ،
ئۆلۈمگە تولغان قىزغىن تەپەككۇر،
ئالەمگە تۇتاشقان جىنسي بار كوچا.
كوچا قانۇنى!
ئەتىگەنلىك گېزىت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەينەك غېرىپلىق
مەنسەپكە تەيىنلەش
غۇۋا قىرغىنچىلىق
تام سائەتنىڭ سائەت توققۇزدىن
ساختىپەزلەرچە بەش ئۆتۈشى
مەنسى مەخپى جۈملىلەر
سۇلانغان توپ توپ ھەرىپلەر
قانغا بويالغان ئامبۇردەك يېزىق
قىين قىستاقتا ئىلىنغان تاۋۇش
باسمىخانا
سۇيۇق ئەترگۈل
توك ئۇرۇندۇق
گوياكى نامەلۇم ئوكۇل ئۇرۇلۇپ
ساراڭغا ئايلانغان مەنلەر تولۇق.
باسما زاۋۇتى
ھەرىپلەر توپ توپ
مەجبۇرلانغان كىشلەر
ئۇنتۇلدۇرۇلغان كىشلەر
قۇياشنىڭ ئىسمى ئاستىدا
گويا ئاپئاق مامكاپلاردەك
قورۇتۇلغان كىشلەر.
تۇرپان موزىيدىكى يالغانچى جەسەت
ئۆلۈكلەرنىڭ ئوردىسىدىكى
ناتۇنۇش ئادەمدۇر پەقەت.
تام سائەتنىڭ سائەت توققۇزدىن
ۋارقىرىغاندەك ئاتمىش ئۆتۈشى.
چۈش كۆرگۈدەك لايىھلەنمىگەن
بويتاق ئەرنىڭ ياتىقى.
چۈش
چۈش كۆرۈشكە ئامراق ئەر ئۈچۈن
دائىم ئوچۇق پاھىشىخانىدۇر".
چاقنار چۈشنىڭ دېرىزىسىدىن
ھاسىرىغان بىر ئايال بىلەن
ئۆلگەن بۇقا تېرىسى.
ھۇجرامدىكى غېرىپلىقتا
سېمىز غېرىپلىق
پۇشۇلدىماقتا،
مىنىڭ ھۇجرام مىنىڭ ئەمەس.
مىنىڭ ھۇجرام سىنىڭ ئەمەس
مىنىڭ ھۇجرام كوچا ئەمەس.
شىلەپە ئەمەس،
بالىياتقۇ ئەمەس،
شارقىراتما ئەمەس،

تۇرمە ئەمەس مەنىلا سۇلانغان.
مەنىسىزلىك.
كۆلدان.
ئۆلۈم قىزنىلىقى قاپلىغان
ئەركەك شەھەر.
غېرىپلىق.
توپ توپ قۇشلارنىڭ ،
مەخپى سىزىقلىرى ئىچىدە،
يىغلاپ سالغان بوۋاقلارنىڭ
پېچەتلەنگەن ئاغزى ئىچىدە،
كۆچمەنلەرنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن
خوشال چۈشۈشلىرى ئىچىدە
ئەينەك ئۆيلەردىكى پايانسىز
سۈنۈش تەنھالىقى ئىچىدە،
"دىققەت
بۇ ئۆي ئەمەس!
دىگەن خەت
تاملىرىغا چاپلاپ قويۇلغان
قورقۇنۇچلۇق ئۆيلەر ئىچىدە،
چاشقاندىن قورقۇش كېسىلى بىلەن'
ئاھالىلىرى ئۆلۈۋاتقان
شەھەر ئىچىدە،
ئازابلانماسلىق
ئۆرپ-ئادەتكە ئايلاندۇرۇلغان:
ئۇلۇغ قەبىلىنىڭ ئىچىدە،
داۋاملاشماقتا...

## ئانا

بۇغدا ئابدۇللا

توقسانغا ئۇلاشتى ،
كۆزى خىرەلەشتى.
تونۇمايدۇ گاھىدا سىنى ،
سىنى چاقىرماقچى بولۇپ ،
چاقىرىدۇ باشقا بىرىنى ،
باشقا بىرىنى چاقىرغاندەك

توقسان ياز ،
توقسان كۈز ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرىسى

توقسان قش ،
توقسان ئەتىياز،
ئۆتۈپ كەتتى
ماڭلىيىغا ئىز سلىپ ،
ئۆتۈپ كەتتى سۈدەك
ئەمدى ،
تېتىكلىكى يوق بۈرۈنقىدەك.
كۆرپىدە ياتار ،
ئىشىشككە قارار.
سەن كەلمىسەڭ بىر كۈن
كۆڭلى يېرىم بولار ،
كۆزىگە ياش ئالار ،
كىچىك بالىدەك.
ھەي!
جاھاننى ياشاپ تۈگىتىپ قويدى ،
ئەمدى مېھماندەك!

كۆڭۈل نازۇك نەرسە ،
كۆتۈرەلمەس گەپنى
سۈ مىسقال تۆمۈرنى كۆتۈرەلمىگەندەك.
شۇڭا
تاشلىما ئۇنى ،
ئۇنۇتما ئۇنى.
يوقلا!
تاتلىق بىلەن!
ئاچچىق - چۈچۈك بىلەن!
ھالداش ،
مۇڭداش ،
ئوغلى بولمىسا ئوغلى بول!
قىزى بولمىسا قىزى بول!
يۇيۇپ قوي ،
چاچلىرىنى تاراپ قوي.
دۈمبىسىنى سىلاپ قوي ،
پۇتىنى تۇتۇپ قوي ،
شۇنداق قىلساڭمۇ
بىر كېچە بەرگەن سۈتى ھەققىنى
تۆلىيەلمەيسەن ،
بولۇپ پايپىتەك'!
ئۇ بولمىسا
سەن قېنى ؟!
مەن قېنى ؟!
توققۇز ئاي
توققۇز كۈن

توققۇز سائەت
توققۇز دەقىقە
كۆتۈرگەن بىزنى قورسىقىدا!.
ئاش ئىچىپ ،
نان يېقىپ-
كىر يۇيۇپ...
يول يۈرۈپ ،
جاھان لەرزىگە كەلگەن تولغىقىدا...
چاقماق چاققاندەك بوران گۈركىرگەندەك!

بىز
ئۇنىڭ بەختى ،
ئارزۇسى ئىدۇق.
بۇگۈنى ،
ئەتىسى ئىدۇق.
بىز!
ئۇنىڭ قايتا تۇغۇلىشى ئىدۇق.
ئوغۇل بولۇپ ،
قىزى بولۇپ ،
بىز!
ئۇنىڭغا ئوخشىدۇق ؛
كۆزىمىز ئوخشار ،
قېشىمىز ئوخشار ،-
بۇرنىمىز ئوخشار ،
ئاغزىمىز ئوخشار ،
گۈل گۈلگە ئوخشىغاندەك.

كۆز نۇرىمىز ،
قارا چېچىمىز ،
قېنىمىز
ئۇنىڭ ئىدى ، ئۇنىڭ...
خۇددى سۇنىڭ بېشى بولغۇنىدەك.
ئىنسان
ھەم ئەقىللىق بولار ،
ھەم نادان.
كۆيەر بالىسىغا كۆيمەس ئانىسىغا ،
ئانا كۆيەر بالىسىغا:
سېنى ئاسماندا ئۇچسا دەيدۇ ،.
دېڭىزغا شۇڭغىسا دەيدۇ.
تۆھپەڭنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ
شەيخ جايناماز دا تىلىگەندەك.
تاپسا
بىر تال كەمپۈت ،

بىر تال ئالما ،
گېلىدىن ئۆتمەس ،
يالغۇز يىگۈسى كەلمەس
سېنى يېۋالسۇن دەيدۇ ،
سېنى ئورۇقلاپ قالمىسۇن دەيدۇ ،
كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك.

توقسانغا ئۇلاشتى ،
قولىقى ئېغىرلاشتى ،
چىشى چۈشكەن ،
بېلى ئېگىلگەن ،
بېشى ئاغرىيدۇ
پۇتى سىرقىرايدۇ...
لېكىن ،
تۇرغۇسى كېلەر ،
يۈرگۈسى كېلەر ،
ھاسىسىنى تاشلىغۇسى كېلەر ،
يۈرگۈسى كېلەر ياش - قىرانلاردەك.

يەر ئايلىنار ،
ۋاقىت ئۇچار.
بۈگۈننىڭ بوسۇغىسىدا
ئەتە ساقلاپ تۇرار.
شۇنداق
قېرىيدۇ بارچە:
ئادەممۇ ،
دەرەخمۇ%
قۇشلارمۇ...
-بۇغدا ئابدۇللا_

-1983يىل ، فېۋرال

ھەيكەل

ئابدۇكىرىم خوجا

بىر ھەيكەل تۇرۇپتۇ باغدا تىك تەنھا،
ئۈستىدە يېپىنچا قۇلدا ياراق.
مەن ئۇنى تونۇتتىم تونىمدى ئۇ،
چۈنكى ئۇ ئىگىزدە مەن پەستە بىراق.

ئىككىمىز ئۇچراشقان پادا باققاندا،
دەل مۇشۇ مەيداندا كېرىپ كەڭ قۇچاق.
بۈگۈن ئۇ ئۆتۈپتۇ تۆرگە بىر ئۆزى،
مەن پەستە قاپتىمەن چاققاندا ياڭاق.

ئايرىلماس قوشماق بىز دىگىنى قېنى،
ئەجىبا ئۇنۇتقاق بوپ قالدى قانداق.
مىڭ ئەپسۇس ئىچىدە تۇرىمەن بۇندا،
كۆزۈمدىن ئوت يېنىپ دىلىمدا پىراق

## ئوبۇلقاسىمنىڭ يەرلىرى

## ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

-بالام،
مۇشۇ يەردە ئىشلەيلى-:دېدى
ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان دېھقان-
ئىشتىنى تىزىغىچە تۈرۈلگەن،
دېھقان
ئىجارە ئېلىپ ئىشلىدى
ئوبۇلقاسىمنىڭ ئېتىزلىقىدا
ئۆمىدلىرى
بۇغداي دانلىرىدەك چېچەكلىدى.
ئوبۇلقاسىمنىڭ ئېتىزلىقلىرى
ئەلۋەك سۇلار غاچىلىشىپ
يېقىملىق چۈشەيدۇ
قۇشقاچلارنىڭ ئۈنى.
كۆكچۈللەرنى مەستقىلىدۇ.
مەن ئېتىزلىقتا ئولتۇرۇپ
"قۇللار" رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇۋاتىمەن..

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

مېنىڭ بۇرچۇم

سەھرالارنى كۈيلەش ئەمەس
شەھەرمۇ ئالامەت چىرايلىق
ئەڭ لىرىك شېئىرلىرىمبىلەن
ئاۋات شەھەرلەرنى كۈيلەيمەن
دادام ماڭا
شېئىر يېزىشنى ئۆگەتمىگەن
بىراق ئۇنىڭ تۆت مو يېرىدىن
دائىم ئىلھام ئالالايمەن.
بىزگە
ئەركەكلەرچە مىجەزنى بەرگەن
ئېتىزلىقلار:
خوتۇن،بالا_چاقاڭ
ياكى كىشلەر كۆتۈرەلمىسە
ئېغىرىڭنى كۆتۈرگەن ئېتىزلىقلار...
توپىلىق
نەم
مۇڭلۇق تۇپراق-
بېسىلىپ قالغان ھەۋەسلەردۇر.
_بالام،
مۇشۇ يەردە ئىشلەيلى!
سۆزلەۋاتقان ئېتىزلىقلاردۇر
-يەر ئىنسانغا زۇلۇم قىلمايدۇ
يەر تىللمايدۇ، ئۇرمايدۇ
يەكلەشسەكمۇ يەرىيەكلىمەيدۇ
_يەر ئەبلەخ ئەمەس!
يەر يىڭلمەس
يەر سۆيۈملۈك
يەر قان تۆكمەس
يەر كۆڭۈللۈك
-ئەڭ چىرايلىق
ئىنسان يولىمىغان يەرلەر...
قوزا چۈشلەر ئېتىزلىقدا
دادام ئىشلەيدۇ،كوتۇلدايدۇ
يارىماس ئوغۇللىرىنى ئويلاپ
ھۇرۇنلۇق بىلەن غۇدۇرايدۇ
كۆكتىن تۆكۈلەرئابىھايات
دېھقانلار يامغۇرچۈشەيدۇ
كۆكلەيدۇئابىناۋات،
چامغۇر يىغىۋالىدۇ
ئىككى يىلدىن بۇيان
بىرمۇ كىتاب ئوقۇيالمىدىم
ۋېلسىپىتلىك كېتىۋاتسام!

بىر مومايىنىڭ چىرايى
كىچىكىمدىن ئويىنغان بىر تال ھوشۇقنى ئەسلەتتى
چوڭقۇر بىر سۈكۈت(
قەلبىمىزگە ئېقىپ كىرىپ,
ئاسفالىت يوللارغا تۆتىشىدۇ
ھايۋاناتلار باغچىسىدا
ئاتلارنى چۈشەپ قويمايدۇ
بىراق بىزنىڭ ئىتىزلىقتا
ئاتلارنىڭ پۇتلىرى باغلاقلىق..
چاڭقاپ كەتكەن ئېتىزلىقلار
باغرىنى قوياشقا يېقىپ ياتماقتا...
دادا،
بىز ئېتىزلىقدەپ قان بېرىمىز،
سەن ئابىناۋات بېرىسەن.
بىز ئېتىزلىقدەپ جان بېرىمىز،
سەن ھايات بېرىسەن.
ئىسسىق تۆشەكلەردە ئۇخلىغۇسى كېلىدۇ
ئۇبۇلقاسىمنىڭ ئېتىزلىقلىرى
قىزىل، ياپىيېشىل ياسانغۇسى كېلىدۇ,
ئۇبۇلقاسىمنىڭ ئېتىزلىقلىرى
قازاندا قايناۋاتقان پاقلان گۆشى...
_ماڭا تۆشنى سىلىپ بېرىڭلار!
_كاللىسىنى ئەكىلىڭلار
يىلىكى ئويۇپ يەيمەن
ئۇستىخىنىنى قايىنتىڭلار
سۆڭىكىنى ئېزىپ يەيمەن'
چاينى قېنىق دەملەڭلار
_غۇنچىن ئورۇقلاپ قالمىسۇن
رامىزاندا سويۇپ يەيمەن
_باللارنى نامازغا ئۆگەت
بىرسى ئوقۇغنى يېتەر
قالغىنىنى ئوقۇتمايمەن...
ئوبۇلقاسىم
ئېتىزلىقلىرنى سۆيىدۇ
پارتىيىنى سۆيىدۇ
بىز ئېتىزلىققا
مۇھەببەت تېرىيمىز
ياخشىلىق تېرىيمىز
مو ھوسۇل بەرسە تالاشمايمىز
قىزلار نىڭ رۇخسارىغا بېرىۋېتىمىز,
يىگىتلەرگە بېرىۋېتىمىز
ھە...
ئوبۇلقاسىمنىڭ بىر مىتېرمۇ يېرى يوق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تورى ئادرېسى

ئات جۇۋازدا، كالا مەيدە

ماموت زايت

كچىك ۋاقتىم، كەلدى چوڭ بىر باي،
بىزنىڭ ئۆيگە ھېتتا پەتىگە.
ھەيران قالدىم، ئورۇق كالىنى!
قېتىۋاپتۇ ئېسىل مەيگە.

ھوراپ قالدى دادام:
غەلىتىغۇ ئىشلىرى بىرئاز؟...
سۆزلىدى باي:
ھە، ئۇئۆيدە ھەيدەيدۇ جۇۋاز.

سەۋەبى بەك ئاددى بۇئىشنىڭ،
ئەمەس ئانچە ئويلاپ كىتەرلىك.
ئىلىپ قاچسا توختاتماق قيىن،
شوخ، ئەقىللىق تۇلپار خەتەرلىك

دىدى - دە، باي، سىرلىق ھىجايدى:
>>يەتكەنلا بۇ ئىشنىك تەكتىگە.
شۇڭا ئاتنى قاتتىم جۇۋازغا،
ياۋاش كالا لايىق مەيگە<<...

باي. ئۇزىدى، سۆزلىدى دادام
>>كۆردۈڭ ئوغلۇم، بۇ - شۇنداق جاھان.
سۆڭەك بىرىپ قويغا نادانلار،
ئىت ئالدىغا تاشلايدۇ سامان<<...

16-سەن يوق------------------ مۇھەممەتجان راشىدىن
17-رۇبائىلار----------------------- سەيپىدىن ئەزىزى
18-ۋەتەن ۋە ئىمان------------------- - ئابدىقادىر جالالىدىن
19-چالا تەگكەن ئوق--------------------- - مەمتىلى زۇنۇن
20-ئايىسىز- ئايدىڭ------------------------ باتۇر روزى

## سەن يوق
## مۇھەممەتجان راشىدىن

چىنەڭگە،ئاھ ئانا،زەمزەم قۇيۇپ بىرەي دېسەم سەن يوق ،
نېپتەي،ئەجرىڭ ئۈچۈن پاقلان سويۇپ بىرەي دېسەم سەن يوق.

تۇتۇپ چىقماقنى ئويلايمان ئۇچاقنى تۇن بويى، ئەمدى
بىشىڭغا قوشلىبان ياستۇق قويۇپ بىېرەي دېسەم سەن يوق.

ساڭا قانماي تۇرۇپ قەلبىم ھاياتلار قوۋمىدىن كەتتىڭ،
قۇيۇپ ئالدىڭغا قايناق چاي ،سورۇپ بىرەي دېسەم سەن يوق.

بالامنى ئالغۇچە،ئەتتەڭ،سىنى ئالسامچۇ بوينۇمغا ،
زورۇر بولسا ،ساڭا پەيتۇن بولۇپ بىرەي دېسەم سەن يوق.

سىنىڭ تەنبىھلىرىڭ بولماي، مىنىڭ ئادەملىكىم قايدا،
مىنى ئۇرساڭمۇ مەيلىتى ،تۇرۇپ بىرەي دېسەم سەن يوق.

چۇشۇمدە؛ ئۇسسۇزلۇق ؛دەپسەن ؛ئانا؛دەپ ئويغۇنۇپ كەتتىم،
لىكىن ،پىيالىدە شەربەت سۇنۇپ بىرەي دېسەم سەن يوق.

سىنىڭ ئەجرىڭدە ئەر يەتتىم ئىگىز ئىگىز شاخلارغا قول سۇنغان،
بىراق،ئۇندىن ئانار ئالما ئۈزۈپ بىرەي دىسەم سەن يوق.

ساڭا بەرگەننى ئەزىيتى قىرىق ئەلگەكتىن ئوتكۈزسەم ،
شۇڭا، شەربەتىنمۇ ھەتتا سۈزۈپ بىرەي دىسەم سەن يوق.

يىشىل ياز كەتتى،قاقىرلار ئەنە قايتىشتى سەپ تارتىپ،
نىپتەي ھەر ياز بىرەر قوغۇن تىلىپ بىرەي دىسەم سەن يوق.

سىنىڭ بارىڭدا قەدرىڭنى ئەجەپ بىلمەپتىمەن،ئەمدى،
ساڭا كويگەن بۇ باغرىمنى يىيرىپ بىرەي دىسەم سەن يوق

روبائىيلار

سەيپىددىن ئەزىزى

ئالدىراپبەرمە كۆڭۈل،
جانانىي دىلدار بولمىسا.
سۇنمىغىن دەستە گۈلۈڭنى،
مىھرىبان يار بولمىسا.

چىن مۇھەببەت بولمىسا، سۆيگۈلۈك ماڭا ھاجەت ئەمەس،
راست ساداقەت بولمىسا، مىھرىك ماڭا ھاجەت ئەمەس.
ئاق كۆڭۈل ئەلا ماڭا، گەر دوقا ماڭلاي بولسىمۇ،
قەلبى گۈزەل بولمىسا، ھۆسنى ماڭا ھاجەت ئەمەس.

ئەي ۋاپاسىز بوشقا كەتتى ئەقىدەم مىنىڭ،
پۇچىلاندىم، كۆڭلۈك خوشال بولدىمۇ سىنىڭ؟
خورلىدىڭمۇ پاك مىھرىمنى نامەردلىك بىلەن ،
ئىست دىدىم، ساڭا ئىپتقان قەسىدەم مىنىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

## ۋەتەن ۋە ئىمان

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ۋەتەن دەپ تۇۋلىدىڭ ئىمانىڭ قېنى ؟
قەلەملەر تەۋرەتتىڭ، ۋىجدانىڭ قېنى ؟
تاڭلارنىڭ ئىشقىدا گۈلخانمەن دېدىڭ
كۆڭلۈڭ ئاسماندا چولپانىڭ قېنى ؟
قەلەمنى مەشئەل دەپ مۇدۇرۇپ ئۆتتۈڭ
ئۆپكەڭمۇ يوغناپ، يۆتىلىپ ئۆتتۈڭ.

ۋەتەنگە ئىخلاستا باقساڭ ئېڭىشىپ ،
قۇۋمىڭنىڭ يىلتىزى ياتار چىرمىشىپ!
چاقنايدۇ مازاردا فوسفۇر يالقۇنى
كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشىپ.
بۇ يەردە بۇغرا ھەم ئوغۇز ياتىدۇ ،
قوقاسقا ئايلانغان يۇلتۇز ياتىدۇ.

سەپ تۈزۈپ ھەر رەڭدە پەسىللەر ئۆتتى
»ۋەتەن« دەپ باھادىر نەسىللەر ئۆتتى.
ئەۋلادقا پەقەتلا ۋەتەن قالدۇ.
باشلاردىن نى ئەقىل
نەقىللەر ئۆتتى.
ۋەتەن چۆچەك ئەمەس، سەجدىگاھىڭدۇر ،
ۋە يا ئەرمەك ئەمەس، باشپاناھىڭدۇر.

»ۋەتەن- جانان« دېدىڭ،جانان تېپىلار ،
ۋەتىنىڭ بولسىلا ھامان تېپىلار.
غۇربەتتە تېنگەن ساياقلارغىمۇ ،
شاھانە قەسر ھەم ئايۋان تېپىلار.
نەزىدە ۋەتەنسىز سۇلتان بولۇدۇ ،
ئوزىنىڭ گوشىگە ئوتۇن بولۇدۇ.

ۋەتەن ئەسقاتىدۇ ئۆلگەنلەرگىمۇ ،
نەپسىنىڭ ئوتىدا كۆيگەنلەرگىمۇ.
ھەتتا، ئوسمىسىنى سىپتىپ خوتۇننىڭ ،
بىر ئومۇر تاماشىا كۆرگەنلەرگىمۇ.

www.uyghurkitap.com

لىكىن ھاقارەتتە قالدى قەبرىسى
تالاي ئاھانەتتە قالدى نەۋرىسى

ۋەتەن ئىمان بىلەن بىر تەن ئەمەسمۇ؟
ۋەتەن ئىمانسىزغا ماتەم ئەمەسمۇ ؟

-1999يىلى ئۈرۈمچى

## چالا تەككەن ئوق
مەمتىلى زۇنۇن

ۋادىرىخا ئوقنى تەككۈزدۇق چالا،
شۈتۈپەيلى باغرىمىز قانلىق يارا.
قامچا-كالتەك ئاستىداقالدۇق يەنە،'
قوش بىلەن سۆرەمگە مەھكۇم ئۈي كالا.

قەھرىمىزدىن ئوت چىچىلدى قانچەرەت،
قىپقىزىل يانغىنغا چۆمدى تاغ-دالا.
كۆيمىدى يانغىندا سىرتماق نەئۈچۈن؟،
نەئۈچۈن ؟بىزبۇبالاغا مۇپتىلا

ئەمدى بىلسەك ئوقنى تەككۈزدۇق چالا،
ھەممىدىن بەتتەر ئىكەن سۈلھى سالا.
ۋادىرىخا ئوقنى تەككۈزدۇق چالا ،
ھەممىدىن يامان ئىكەن سۈلھى سالا.

ئايسىز ئايدىڭ

باتۇر روزى

ئايسز ئايدىڭسەن
دۇنيانى
كۆرسەتكەن كۆزۈمگە ئوغۇز رەڭگىدە ؛
دولقۇنلىرىڭ قۇيۇلماقتا باغرىمغا ،
چۇشۇرگەمدىن تاشتى شاماللار...
كپپەنلەردىن تاشلىدىم قاسراق ،
قاڭقىپ چىقىپ يالتىرىغان ئاسماندىن
شۇڭغۇپ كىردىم بوغۇزىغا بورانىنىڭ،
قوغلاندىم
ئامانەتكە بەرگەن ئۆيۈڭدىن ،
يېپىلدىم
نۇر بەرقىگە هاملىدار غايىبانە چېھرىڭنىڭ-
شولىسىغا باغلىنالماي تىتىلىپ تۇرغان
يورغا يوللارغا...
بارماقلىرىمدىن قاچتى تېپىلىپ
شلىمشىق قۇببەڭ ،
شەيتان خەمەكلىگەن چۆنەكلەر ئارا
ئۇرۇقلارنىڭ بوكتۇرمىسىدىن
بىخلىماقتا پېلەكلىرى ناخشاڭنىڭ ؛
غوزەكلەرنىڭ ئارامگاهىدا
نۇر پىلىسى ئىشلىمەكتىسەن ،
يىپەكتەك ئەۋرىشىم قەددىڭنى سوزغانچە
سۈكۈناتنىڭ بۇرجەكلىرىگە.
سەن كىمنىڭ كۆكتىكى قەبرىنامىسى؟
ئايسز ئايدىڭسەن ،
كۆكسۈڭدىن باشلانغان رەڭلەر بەزمىسى ،
نەپەسلەرنىڭ كاۋاكلىرىدىكى پايانسىزيايلاقلاردا
پىنهان قىيغىتىپ تۇرغان دېڭىزلار پادىسى ،
دەملەر تۆشۈكىدىن نەي ئاۋازىدەك
جاهاندا پاتمىغان ئىشرەت نەغمىسى.
خۇش پۇراق شەھۋەت قىيانلىرىنى(
نازاكەت سەھنىسىدە لەرزان ئۇسسۇلغا سالغان
ئەي، ئوغۇز رەڭ ئەپسۇن!
جان دەرىخىنىڭ ئوق يىلتىزىدا ئېقىپ يۈرگەن چوغلار ئېقىنى
ئەي، ئۆلۈمنىڭ خىلۋەت ئوردىسىدىن يامرىغان شاراب توپانى ؛
ساقىيلارنىڭ بۇزرۇكۋار تاجىغا قادالغان ئەگگۈشتەردىن
مەن كۆرمىگەن
تۆرەلمىگاهىمدىكى غەيرىي دۇنياغا غىل-پال كۆرۈنگەن
ئەي،كۆز تەگكەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ،
قېقىلغان يوقلۇقنىڭ بوغۇزلىرىدىن!
پارتلاپ چىققان ئىستەك بومبىسى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كۆزلىرىمگە كۆرۈنگەن
ئوغۇز رەڭ ئايدىڭ ،
سەن-
تىلسىملارنىڭ رەڭۋاز ئەينىكى!
باغرىمدىكى دۇتارنىڭ تارى
ئويناتماقتا بارماقلىرىمنى ،
دولقۇنلۇق كۆيلەر قايمىسىدا قايماقتا شۇ دەم
تاۋۇشلارنىڭ ئىشكىسىز ئۆيىدىكى بەزمىسىدە جىنلارنىڭ
دەرمەكلەردىن مەست بولغان جەسەتلىرىم ،
لاتقىلاردا بىخسىمان نەپەس,
ھاۋا چىملىقىدا قاتقان كۆپۈكلەرنى تۇزۇتماقتا ھەم ؛
نۇرلارنىڭ تۇز قانىتىدەك يېپىلغان كۆلكىسىنى كۆردۈم.
تىتىلغان ئۇپۇقنىڭ رەڭدارلىقىدا سەجدىگە چۆككەن
قۇلۇپلانغان شاماللارنىڭ ئاھىغا يۆگىشىۋالغان كىچىلەرنىڭ
گۆركىرىگەن ئوت ئەينىكىدە.
كۆزۈم بۇلاڭچىسى- ئاسماننىڭ تېپىكلىرىدە لەرزىگە كەلگەنچە،
چۆكتى ئاسمان
ئاتەش قايىنىمىغا تونۇرۇمنىڭ ؛
دۇنيا
تولغاندى قىلدەك
كۆيدۈرگىلەر داپخانامدا ياسىغان مەشرەپتە.
كۆردۈم
ئەسلىمىلەرنىڭ
قەبرىلەردىن پاناھ تىلەپ قاچقانلىقىنى
يالقۇنلۇق تاجىمنى تاشلىدىم بىر پەس ،
قوۋۇرغىلار قورشاۋىدا يالىڭاچلاندىم
تۈتۈنلەردە لەيلەپ يۈرگەن ئۇچقۇنغا ئوخشاش
بارلىقىمنى سىلىپ تاشلىدىم ،
قايتىپ كەلدىم ئوغۇز رەڭگىگە
ئايدىڭغا قوشۇلدۇم بىر تامچە سۈتتەك...
ئايسىز ئايدىڭسەن ،
غايىپ بولغان تاغلار ئورنىدا
قىياسىمدا لەيلەپ يۈرگەن ئەي سۈزۈك مانان،
بەھەيۋەت ئۆركىشى ھۆجەيرىلەرنىڭ
قانداقمۇ پاتقاندۇ ئاراشلىرىڭغا ؟
بولمىغىنىمدا
سېنى تۈزگەن بىر تال يىپ ئەگەر ،
يورغىلاپ تۇرغۇچى بارماقلىرىمدا
سىغدۇرۇۋالامتىم ئۇپۇقلىرىڭنى
شەرەتلىرىم قىرغاقلىرىغا ؟
غايىپ بولغان تاغلار ئورنىدا
دۇتارنىڭ قارنىدەك پومپىيىپ تۇرساڭ،
تىۋىش بولۇپ ئۈنەرمەن بىر كۈن

تارلىرىڭدا مۆكۈشمەك ئويناپ
پىلدىرلاپ ئۇچقانچە ھەتتاكى-
كۆيلىرىڭنىڭ كەڭلىكتىكى قورشاۋلىرىدىن!
بۆسۈپ چىققىنىچە چەتنەپ كەتكەن ئايدىڭدا.
تىترەڭگۈ كىرپىكتە توختىغان ياشتەك
ئەلەڭگىپ تۇرغىنىم ئېسىمدە پەقەت ،
كۆن نۇرىدەك سوزۇلسىمۇ كۆزلىرىم
بىغىرلاپ قايتالماس ئەلەڭگۈچىڭنى ؛
ئۇنىڭ تېرەن تۆگۈنچەكلىرىگە
دېڭىزلارنى بويلاتماقتىسەن ،
ئۇنىڭ يۈكسەك بالداقلىرىغا-
جاپاكەش قۇياشنى سەكرەتمەكتىسەن،
كىشنىمەكتە ئالەملەر
ئاياغلاشماس مۇساپەڭ ئارا...
ئايسىز ئايدىڭسەن،
بىر چېتى قارايقان پايانسىزخىيال
تىمسىقلاپ كەلمەكتە بۇرجەكلىرىڭدىن ،
ئوغۇز رەڭلىك بۇژغۇندەك ؛
دەم يوقاپ كەتمەكتە ئەمچەكسىمان ئايدىڭدا ،
دەم ئۆنمەكتە چاقماقلارنىڭ يالتىرىشىدا ؛
قەدەھلەرنىڭ قىسلاچلىرىدا
ئۆكسۈپ- ئۆكسۈپ يىغلىغان شاراب
چاقماقلارنىڭ يېرىقلىرىدىن
تاش يامغۇرى بولۇپ تۆكۈلەر ،
ئالۋۇنلارنىڭ ئۆركەشلىرىدە
دولقۇندىن-دولقۇنغا سەكرەيدۇ شۇ دەم ،
قاناتلىرى ئۈستىدىن
ئىرغىتىپ تاشلايدۇ تۆرەلمە پېتى
بىسى قايرىلغان قىلىچقا ئوخشاش
ئالۋۇنلار ئۆركىشى ئۈستىگە مېنى ،
ئايدىڭنىڭ پايانسىز ئىقلىملىرىدا
ھىجران ئوردىسىدا سەرسان بىر شاھمەن،
شوللار شاۋقۇنى سىڭگەن ناخشامنىڭ
ئاۋازىغا ئالدانغان ئۆزۈم:
خانىشنىڭ نازاكەت بەزمىسى ئارا
ناخشىلار ئوقۇيدۇ ئېزىققان كۆزۈم:
ئوغۇز رەڭ ئەي دەرەخ
ياپرىقىڭ يېشىل ،
ئوغۇز رەڭ جۈپ يىلتىز ئاچماقسىمان
ئاغزىڭدا ئىككىگە بۆلۈنگەن قۇياش ،
يىغلىغان ئايدىڭسەن قۇيۇنغا ئوخشاش ،.
ئاتەشلىك ئورداڭدا قىزارغان چوغلار
ئوغۇز رەڭ نۇرلارنىڭ پاتقاقلىرىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىلىنىپ ئۆگەنگەن چىملىقلار ئارا
جانلار يولۇقىسنى چىللايدۇ شۇئان!
ئەي ، يالقۇن قاينىمى
ئەي ،گۈلگۈن باشاق ،
ئەي ،بىر يول يېڭىگە مۇجەسسەم ئايدىڭ ،
جاراھەت ئاغزىدىن تاشقان ئەي، چېچەك ،
يىغلار شەھرىنى ئوۋلىغان كۈلكە ،
كۈلكىلەر ھۆسنىگە قان تەپكەن ئارمان!
ئارمان تۈنلىرىنى ئالدىغان سەھەر،
سۈبھىدىن مەي تىلەپ ئالجىغان شامال
قەبرەمنى كۆردۈم مەن:
دېۋەيلەپ كېلەر
شاماللار ئايدىڭنى بېغىرلاپ شۇ دەم
يىقىلغان ئۆگزەمدىن يايغانچە قانات
جەستىم ئۈستىدە سىلكىگەندە پەر..
ئوغۇز رەڭ نۇرلارنىڭ پاتقىقى ئارا
ئايدىڭغا يامرايمەن
ئانا ئايدىڭغا
ئايدىڭدىن-ئايدىڭغا سوزۇلغان دەملەر
شاراب كەل كۆتمەن تەشنا باغرىڭغا.

21-يارلانغان كىيىك -------------------ئابلىكىم ھەسەن
22-ئەرنىڭ ئىپپىتى----------------غوجمۇھەممەد مۇھەممەد
23-رۇبائىياتلار--------------- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
24-ئۆزۈمگە سەپەر---------------------جېلىل خىلىل
25-كۈيىۋاتقان بۇغداي------------------پەرھات تۇرسۇن

## يارىلانغان كىيىك

### ئابلىكىم ھەسەن

كۆيدى جىسمىم كۈل بولۇپ ،
پەقەت يۈرەك سەرسانە قالدى.
گۈلشىنىم بولدى خازان ،
كېتەي يىراقلارغا ئەمدى.

كېلىدۇ يالغۇز كىيىك ،
قانغا مىلەندى گۈل گىياھ.
ئوۋچىنىڭ قانلىق ئوقى ،

قىلغاچ نىگاردىن جۇدا.

مەنزىلىم نەدۇر مېنىڭ ؟
ھىجران چۆلىدە قايمۇقۇپ.
بولسا چۈش كورگەنلىرىم ،
كەتسەم ئىدىم بىر ئويغۇنۇپ.

## ئەرنىڭ ئېپپىتى

غوجمۇھەممەد مۇھەممەد

كۆلسە لەۋلىرىدە گۈللەر ئېچىلار
يىغلىسا كۆزلىرىدىن ئۈنچە چېچىلار
ماڭسا ئايىغىدىن تىللا تۆكۈلەر
نەدىسەن مېنىڭ گۈزەل مەلىكەم؟

خوتەن دەشتىدە مەن پىيادە
ھاسام ئۈپۈرىدى قۇياش كۆزىدە.
ئولتۇرۇپ ئەڭ ئېگىز بىنانىڭ پەلەمپىيىدە
تاكسىدىن چۈشۈۋاتقان، ئىشتان كىيمىگەن
قىزلار ئىچىدە
سېنى بارمىكىن دەپ قاراپ قالىمەن.

قاتتىق ھاقارەتتىن يۈزلىرىم چىم - چىم
ئانا گۆشى ساتماقتا بىر كىم!
سەن تېخى قاندىن قورقىدىغانلىقىڭنى بىلمەيتتىڭ.
دەرەخ شېخىدىكى ھىجرانكار كاككۇك
مېنىڭ ساڭا چاڭقاشلىرىمنى چۈشىنەر بەلكىم.

سەن بىلمەيسەن، بۇ يەردە
ئۇر توقماق ئەسەبىيلىشىپ ئۆز ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى.
ئېچىل داستىخان ئېچىلىشىپ قۇرۇتقۇەتتى ئېتىزدىكى ئاخىرقى داننى.
ساڭقاڭ ئىشىكىم ئوغرىلاندى، تەڭگىلەرنىڭ شاراقلاشلىرىدىن
كېلەر ئۈنىڭ تاياق ئازابىدا ھاڭرىغان ئۈنى.

چۈشۈپ ئاسماندىن ياغاچ ئاتقا مىنگەن شاھزادە

www.uyghurkitap.com

سېتىۋەتتى ئاچلىقتىن ئىتنى ئوتتۇن بازىرىدا.
پادىچى تازىنىڭ مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ
تۇرغىنىنى كۆردۈم كىتابخانىدا

پەرھاد ئون يىل تەشتى بىتون ئەمەس شىرىن تېغىنى،
غېرىب پالاندى چۆلگە ئەمەس سەنەمنىڭ مۇشكۇل مۇھەببىتىگە.
تاھىر ئاقتى دەريادا ئەمەس زۆھرەنىڭ كۆز ياشلىرىدا
چۈشەنمەيدۇ بۇنى مەڭگۈ ئاشىقتىن ئۆزگە.

سەن نەدە قەدىمدىنمۇ يىراق بىر يەردە
دەرەخ كاۋىكىدا مېنى ساقلاپ تۇرامسەن؟
ئاسمان، دېڭىز، تاغ
تۇغۇلامدۇ ئۈچ ئوغلۇم قايتا؟..
ئۆلارنى سەن تۇغۇپ بېرەمسەن؟...!
مەن ئورۇق، ئاچ
مەن ساڭا خۇمار
ئەرلەر ئىپپىتىنى يوقاتقىلى بولدى يۈز يىللار.
رادىئو جىنسىي كېسەل توغرۇلۇق بەرمەكتە ئېلان
ئەرلەرنى چۆچۈتكىنى ئېلان ئەمەس
قەرز سۈيلەۋاتقان تەلۋە ئايالار.

ۋەتەن
ئەرنىڭ ئىپپىتى.
ۋەتەن
ئەرنىڭ ياتلاشقان ئىتتىقادىدا
سۈسلاشقان ئىمانىدا
داتلاشقان پىچىقىدا
چاڭقاپ ياتقان بىر سىقىم تۇپراق
قانغا، ۋىجدانغا.

قورقۇپ كەتتىم
ئۈمىدسىزلىكنىڭ يۈرىكىمنى لەختە - لەختە قىلىپ ئۈھسىنىشىدىن
ئايال كۆز يېشىنىڭ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈۋشىدىن
ئىشتان بېغىغا قول ئۇزاتقاندا
پۈتمەس قەرزلەرنىڭ ئەسەبلىرىمنى بوشىتىشىدىن.

ئاھ، مېنىڭ گۈزەل مەلىكەم
كۈلمەي، يىغلىماي، ماڭماي مېنى ساقلاپ تۇرامسەن
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە.

بۇ ئەسەبىي بىر نالە
جىمجىت ئاخشام زۇلمىتىدە كىيىنىدىم!
رەزىللىككە چوڭقۇر چۆكۈپ ئىزدەپ ئابى ھاياتنى.

ئاتا مەڭگۈ مۇڭلۇق يىغلار، ئاتا ئىزدەر ئىرادە،
كۆردۈم بوۋاق چۈشلىرىدىن سانسىز يۇمران قاناتنى.

ئەرلەر ياسار جىنازا
بۆشۈك بىلەن تەڭ تەۋرىنىپ ئۇخلىماقتا ئاياللار.
ئاھ قانداق جان تاپشۇرغان سەيىيادقا
قېنى بۆرە ئوشۇقى؟
قىمارۋازنىڭ تاۋكاسىدا سەكرەپ يۈرەر بىقارار.

سىم - سىم گۈگۈم تېرەك ئۇچىدىن سەكرەپ چۈشەر ئاق ئۆچكە
ئوتتىن قېچىپ ئادەملەرگە كىرەر جىنلار پاتپاراق.
يالغان سۆزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشقا چارە كۆپ،
ئەيلەر كۆز ياش رېئاللىقنى يىرگىنىشلىك ۋە پاتقاق.

مايمۇن كىشى ئۇسسۇل ئوينار خۇشال - خۇرام قامچىغا،
تۆگە كېلەر مەردانە ھەم قوتۇر ئېشەكنىڭ كەينىدە.
كۆڭلەك سالار ئاي ئىچىدە ئەپسانە قىز نازلىنىپ
مىليون ئاشىق قۇرۇپ ئۆلەر نېسى لەززەت ئەۋجىدە.

مۇھەببەتنىڭ رەسۋالىقى شۇنچە ئايان بولسىمۇ
قەسەملەردەك قاتتىق قاندىن قاچار خىيال يولۋاستەك.
كونا ئايال يامار جۇل - جۇل يىرتىلغان شۇ كۆڭلىنى!
قارا قاغىنىڭ مەدھىيىسىدە قاقاقلاپ ئېچىلىۋاتقان تاز گۈلدەك.

كۈندىن - كۈنگە ئېگىزلىمەكتە بىنا كەبى جىنايەت،
تۈزلەنمەكتە جان دۆڭلىرى زەنجىر تاپان ئاستىدا.
بىر كىشىدىن باشقا ھېچكىم يوق-
بىر كىشىگە تولۇپ كەتكەن چەكسىز دۇنيادا.

كېلەر كىمنىڭ ئاتقا مىنگۈسى
كېلەر كىمنىڭ نەزمە ئاڭلاپ سۈيۈنگۈسى.
ئۆلۈك ئادەم كۆتۈرمەيدۇ تىرىكلەرنىڭ جىنازىسىنى،
كېلەر كىمنىڭ جەينامازدا ۋارقىرىمىغۇسى.

بۇ ئەسەبىي بىر نالە
بۇ كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەلمەي چىقىلغان تاش پىيالە.
تاڭ ئاتىدۇ غەرب قىزارسا،
كۆز تىكەرمەن شەرقكە

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

قاچانكىم بولدى تەن ئىچرە ئىلىم ئىشقىدا جان پەيدا،
بۇ جانىم خۇددى بۇلبۇلدەك ناۋا ئەيلەپ ئاڭا شەيدا.
قاچانكىم بۇ نادان قەلبىم ئىلىم نامىنى تۇغ قىلدى ،
بۇ جانىمغا كىتابەت زەۋقىدىن كۈن-تۈن ئارام قايدا.
كىشىگە ئىلتىجا قىلما ،كىشى ئىقبالى ئىرفاندا ،
سائادەت كەلمىگەي ھېچ ئىلتىپاتتىن قولغا ئاساندا.
ھاياتىنىڭ لەززىتى سۆيگۈ ،ئۆنىڭسىز ئىختىيار بولماس ،
مەگەر زوق دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىن سورىساڭ-ئۇ ۋىجداندا.
جاۋاھىر غەزنىمۇ دىلدا ،يىلانلار غارىمۇ دىلدا ،
شېكەرنىڭ شىرنىسى بىرلەن زەھەر دەركارىمۇ تىلدا.
خۇسۇمەت بىرلە مەردلىكنىڭ مەگەركى مەنبەسىن سورساڭ،
جاۋاكىم: خىسلەتى ئىنسان ئەمەس ھەر كىمدە بىر خىلدا.

## ئۆزۈمگە سەپەر

جېلىل خېلىل

كۆپ دەستۇر ئوقۇدۇم ئۆزۈم ھەققىدە ،
ئوقۇغانسېرى
گاھ چوڭقۇرلاپ كىردىم ئۆزۈمگە ،
گاھ يىراقلاپ كەتتىم ئۆزۈمدىن.
ئوقۇغانسېرى
يۈرەك ئېچىشىپ بولدى سەدپارە ،
ئازاب ، شادلىق سېلىشتى گىرە.
ئوقۇغانسېرى
ئايان بولدى ھەر ئاجايىبات ،!
ئېچىلمىدى ھەم نۇرغۇن تىلسىمات.
گاھ جاھان مەندىن باشلانغان بىلسەڭ ،
گاھ جاھان مەندە يىپيلغان بىلسەڭ.
گاھ مەن جاھانغا تارقاتقان ھېكمەت ،
گاھ مەن جاھاندىن كۆرمىگەن ھىممەت.

گاھ مەن ئۆملۈككە بولغان پاسبان ،
گاھ مەن تەپرىققە يول ئاچقان هامان.
گاھ مەن باتۇرلۇقنى يېتەكلەپ ماڭغان ،
گاھ مېنى باتۇرلۇق يىراق تاشلىغان
كۆر مانا ئۆزۈمنى يايدىم ئالدىڭغا ،
كىملىكىم ئاياندۇر ھەر مىسرا قۇردا

مەن
كۆندۈرگەن ئىنساننى بۇغداي يېپىشكە
تۇنجى بولۇپ
سانىسىز ئۆگەي يەل يېمىش ، زىراەت ئۆز گە ئايلاندى
كىروران گۈزىلىنىڭ قولىدا بەختى يورۇپ
ئالپ ئەرتۇڭادەك ، سپارتاكتەك,
باھادىرلار چىقتى شۇندىن كېيىن كۈچكە تولۇپ.
لېكىن ، هازىر مەن
ئامېرىكىدىن كەلتۈرىمەن تۇخۇمدەك ئۈزۈمنى ،
ياۋروپادىن كەلتۈرىمەن تاۋۇزدەك شوخلىنى ،
يەنە بىر يەردىن كەلتۈرىمەن قارا ، قىزىل ، يېشىل گۈرۈچنى,
ھەممە ، ھەممىنى.
جاھاننىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ يۈرۈپ ،
يېپىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالىمەن يېڭى ئىختىرالارنى
ئېچىپ ئاغزىمنى.

مەن
تۇنجى بولۇپ
ئاتنى كۆندۈرۈپ بەرگەن ئىنسانىيەتكە.
شۇندىن كېيىن
ئاتىللا ، ئىسكەندەر ، چىڭگىزخان
ئات بىلەن دۇنيانى ئالدى ئىلكىگە.
تۇنجى بولۇپ
ئۇچار گىلەم ، ياغاچ ئات ھەققىدىكى خىيالنى مەن سۈرگەن ،
جاھان ئەينىكى ھەققىدىكى خىيالنى مەن سۈرگەن ،
گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىم
سالغان جاھاننى لەرزىگە.

ئەمدىلىكتە
خەق ئايغا چىقسا چىقالمايمەن ،
خەق دېڭىزنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇسا شۇڭغۇيالمايمەن ،
ئاتنىڭ ئورنىدا
خەق ياساپ بەرگەن ماشىنام بار.
تېلېفون ئۈرىمەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يانفون ئۇرىمەن
تېلېۋىزور كۆرىمەن
كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىمەن.
مەن زامانىۋى دۇنيانىڭ تىپىك بەھرىلەنگۈچىسى
ئېيتىڭچۇ ، قايسىسىدا مېنىڭ ھەسسەم بار ؟

كۆرۈك مانا،
ئۆزۈممۇ بىر ماشىنا ،
زامان ياسايدۇ مېنى بۇزۇپ ۋە چۇۋۇپ
ماكان ياسايدۇ مېنى ئىتتىرىپ تۇرتۇپ.
ئۆزۈممۇ ياسىلارمەن
ئالغا كەتكەن جاھاننىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ يۈرۈپ ،
ئاجايىپ ئىشلارغا ئاجايىپ بېقىپ ،
گاھ قانغىچە ئۇخلاپ
گاھ كەيپ سۈرۈپ...

مەن
يىپەك يولنى ئاچقان تۇنجى رەت ،
جاھان كېزىشنى ئۆگەتكەن ئىنسانىيەتكە.
جاك چيەن ، شۈەنزاڭ ، مارك پولونى-
ئامان ئېسەن يەتكۈزگەن مەنزىلگە.
مەغرىب مەشرىقنى قول ئېلىشتۇرۇپ
يارقىن سەھەرنى سىزغان تەقدىرگە.
ئەمما ، نەچچە ئەسرلەر بىرى
سولانغان ئادەممەن تولۇپ پەخىرگە ،
دۆم كۆمتۈرۈلگەن قازاندەك ئەزىز يۇرتۇمغا.
ئۇ يانمۇ تاغ ، بۇ يانمۇ تاغ
ئۇ يانمۇ چۆل ، بۇ يانمۇ چۆل
گويا ئۆزۈم يول ئېچىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ،
يول ئاچقان بىلەن روھ ئېچىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك.
ياشاپ كەلدىم
ئۆزۈمنى تەڭ قىلماي ھېچكىمگە ،
ئاقۋەت تەڭ بولالماي ھېچنېمىگە.
مانا ئەمدى
قايتىدىن يىپەك يولى ئېچىۋاتىمەن
ئاستا - ئاستا كېلىپ ئەسلىمگە.

مەن.
ياراتتىم تاشكېمىر سەنئىتىنى
تۇنجى بولۇپ زېمىن ئۈستىدە.

تەڭرى قۇت ياغدۇردى ،
جاھان ھەيرەتتە قالدى ،
چاقماق چېقىلغان تەسەۋۋۇر كۆچۈمگە.
ئاھ ، دەشت ئاتا ، بېزەكلىك ، قىزىل ، كۆسەن مىڭئۆيلىرى ،
ئاھ ، پەرھاتنىڭ تاشقا گۈل چەككەن قوللىرى ،
ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى تەقدىم ئەتتىڭ ئىنسانىيەتكە ،
يۈكسەك سەنەت پەللىسىنى قالدۇردۇڭ ئەۋلادلىرىڭغا.
ئەمما - زە
ياسانچۇق كۆندە كىيىم يەڭگۈشلىگەندەك ،
يەڭگۈشلەپ نەچچە قېتىم دىن - ئېتىقادىمنى ،
ئۆچۈرۈپ ماڭدىم ئۆزۈم سالغان ئىزلارنى.
بۇزۇپ ، ئۆچۈرۈپ تۈگىتەلمىگەندە ،
ئۆزۈم يەنە يول باشلاپ قۇترىغان ئەجنەبىيلەرگە
ئۇلارنىڭ قولى بىلەن
بىرمۇبىر چەيلىدىم سەنەت تاجىنى

كېزىپ كۆلمۇ - چۆل
كېزىپ باغمۇ - تاغ
ھەممىنى قوش قوللاپ بەردىم ئاشۇ ياتلارغا.
مەن ئاشۇ سەنەتنى ياراتقان چاغ ،
ئىشتان كىيىشنى بىلمەيدىغان
چارۋىدىن پەرقى بولمىغان
ئاشۇ ياتلارغا.
بەردىم ھەممىنى:
يىلتىزىمنى ، روھىمنى ، ئۇيغۇرلىقىمنى. . .

مەن
قىسمىتىم ، كەچمىشلىرىمدىن_
ياراتتىم بىباھا ، شاھ مۇقاملارنى
زېمىندىكى ئەڭ مۇكەممەل كۈي قامۇسىنى ،
تەڭرىلا يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولالايدىغان
تۈيغۇ تىلىنى.
بارچە پەرىشتىلەر جەملەندى ئاڭا ،
ئاپەت - ئامەتلىرىم جەملەندى ئاڭا ،
پانىي - باقىيلىقىم جەملەندى ئاڭا.
لېكىن - زە
ئەرەبچە ئات قويۇپ چىقتىم ئۇلارغا ،
تىخمۇ سىرلىق ، يۈكسەك بولسۇن دەپ ،
شەيتاننىڭ قەستىدىن يىراق تۇرسۇن دەپ.
لېكىن - زە ، يەنە لېكىن زە
ئاپاقخوجىغا ئەگىشىپ چەيلىدىم ئۇنى ،

مەدەنىيەت ئىنقلابى دا ئالجىپ قەستلىدىم ئۇنى ،
جىن - شەيتان دەپ ئات قويدۇم ھەممگە بىر- بىر ،
ئاشۇ چاغ
ئۆزۈم تۇرسامۇ ئەينى جىن - شەيتاننىڭ رولىنى ئېلىپ.
مانا ئەمدى
تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن دىگەندەك
قۇتقازماقتىمەن ئۇنى ئەقلىمنى تىپىپ.

مەن
ئوغۇزخان ئېپوسىنى ياراتتىم ،
خەق مەندىن قەھرىمانلىقنى ئۆگەنسۇن ، دىدىم ،
ئۇيغۇر _ ئۇيۇشقاق بولسۇن ئۇرۇقۇم ، دىدىم.

مەن
مەھمۇد قەشقەرى نى ياراتتىم ،
تىلىمنىڭ قۇدرىتىنى جاھان بىلسۇن ، دىدىم،
شانۇ - شەۋكىتىم ئەبەدىي ئۇنتۇلمىسۇن ، دىدىم.

مەن,
يۇسۇپ خاس ھاجىپ نى ياراتتىم ،
بىلىك بىلەن قۇتاتسۇن ئەۋلادىم ، دىدىم ،
ئەقىل ، ھىسسىيات ، قانۇن ، باھادىرلىق
بىلىك بىلەن بىر تۇغقان ، دىدىم.
بارچە تەركىب - ئامىللار ، بارچە ئەتمىشلەر ،
تەڭپۇڭ بولسۇن ئۈچ پۇتلۇق داڭقاندەك ، دىدىم.

مەن!
نەۋائىينى ياراتتىم_
شەرقنىڭ شېئىرىيەت جەننىتىنى ياراتتىم.
ھومېر ، دانتى ، شېكسپىرلار ئۇنىڭغا يول بەرسۇن ، دىدىم.
پۇشكىن ، گېتى ، تاگورلار ئۇنىڭغا قول بەرسۇن ، دىدىم.
ئەۋلادلىرىمنى;
نەۋائىيدەك تىلنىڭ ساپلىقنى قوغدىسۇن ، دىدىم.
لېكىن - زە ، لېكىن
ئۆزۈم ئاسىيسى بولدۇم ئۆزۈمنىڭ.
غەپلەت ، غاپىللىق ، ئادىشىش ، ئۇنتۇلۇش
سىزدى سەپرىنى يولۇمنىڭ.
ئەي مەھمۇد ، يۇسۇپ قەدىردان
شاھانە ئەسىرىڭلارنىڭ قولىيازمىسى بۇ يەردە ئەمەس

تېپىلدى يات ئەللەردە...
يات ئالىملار تونۇتتى ماڭا سىلەرنى ،
ياتلار ئارقىلىق تېپىۋالدىم يىتتۈرگىنىمنى ،
ئۆزلۈمنى ، روھىمنى ، ئۇيغۇرلۇقىمنى.
غەپلەت ، غاپىللىق ، ئادىششى ، ئۇنتۇلۇش ،
ئۇزاق ، بەك ئۇزاق.

ئۇيغۇر _ ئۇيۇشقاق بولماي ، ئۇرۇشقاق بولۇپ ،
ئۆتكەن كۈنلىرىم ئۇزاق ، بەك ئۇزاق. . .
دانىشمەن ، ئاقىلنى ئۇچراتسام ئەگەر ،
يا يۈرتتىن قوغلاپ چىقاردىم
يا تۆھمەت چاپلىدىم ، چەقتىم ، خورلىدىم ،
يا ئوڭنى تەتۈر قىلىپ ، ئاقنى قارىلىدىم.
بىلگىن جاھان
مەشرەپنى ئاختا قىلغان مەن ئۆزۈم ،
ئابدۇقادىر داموللامنى قەتلە قىلغان مەن ئۆزۈم ،
تەۋپىق ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، ل . مۇتەللىپنى چىقىپ بارغان مەن ئۆزۈم.
سەللا شەپە چىقىپ بولغۇچە
پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىپ ،
كىملەرنىدۇر ماڭقۇرت بولۇشقا قىستىغان مەن ئۆزۈم.
شۇنداق
غاپىللىق ، ئادىششى ، بىكىنمىچىلىك
ئۇزاق ، بەك ئۇزاق
نەچچە ئەسىر تارىخ توختاپ قالدى بۇ يەردە ،
نەچچە ئەسىر ياشىدى ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوخشاش تەپەككۇردە ،
تۇرمۇش داۋاملاشتى ئوخشاش رىتىمدا.
ھايات ئوخشاپ قالدى
گويا تام تۆۋىدە ياتقان ھورۇن بەڭگىگە.
ئۆزۈم
ئاسىيانىڭ كىندىكىدە ياشاپ تۇرۇپ ،
بارچە مەدەنىيەتنى روھىغا جۇغلاپ تۇرۇپ ،
ھېكمەتنى سۈمۈرۈپ ئايلاندىمۇ ھېكمەتسىزگە ؟
قىممىتىم چەكسىز دەپ ئايلاندىمۇ قىممەتسىزگە ؟

جاھان دانىشمەنلىرى توۋلايدۇ : مەن سەندە ، دەپ ،
شامان ، مانى ، زەردۇشت ، بۇددا ، ئىسلام توۋلايدۇ : مەن سەندە ، دەپ.
ۋۇجۇدۇمدا رەڭگارەڭلىك كەتكەن چېچەكلەپ ،
ياشاپتىمەن ھەممە نەرسىگە روھىمنى مىلەپ

بولدى بەس
ئۆتكەن كۈنلەر ، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تور ئادرىسى

باقتىم ئۇپۇققا:
سەھەر قۇياشى نۇر چېچىپ پارلاق!
بارچە ئىقلىم تولدى گۈللەشكە ،
ئۆرلەش ، تەۋرەش ھەم يۈكسىلىشكە.
بۈگۈن
يەر شارى ئايلاندى كىچىك كەنتكە ،
ۋۇجۇدۇمدىكى مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى
يىپەك يولى بويلاپ چاچتىم زېمىنگە.
ھەر بىر ئۇچۇر ، ھەر بىر سەزگۈ ، ھەر بىر ھېس قىلىش
ئايلىنىپ يېڭىدىن ئاپىرىدەگاھقا
زامانغا خاس ئەقىل روھنى پىششىقلاپ ئىشلەپ
سانسىزلىغان يېڭى جىلىل خېلىلىنى تۇغار ئالەمگە.

## كۆيۈۋاتقان بۇغداي

پەرھات تۇرسۇن

مەن ئاشۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ھەممىڭلار قاغىغان ،
قاراڭغۇ كائىناتتا نىشانسىز ، قارارسىز سەرگەردان.
سۆيگىن مېنى قىساسكارنىڭ قولىدىن بىرىپ قويغان ،
ئەڭ ئاخىرقى قىساس پۈرستىدەك.

مەن ئاشۇ كىشمەن دەرەختىكى سايەم ئويۇپ ئېلىنغان،
ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆلدى دەپ قارالغان.
سۆيگىن مېنى قىزىپ كەتكەن مېڭىسىدە تەلۋە قاتىلىنىڭ،
پەيدا بولغان قالايمىقان خام خىيالدەك.

مەن ئاشۇ بۇغدايمەن جەننەتمۇ ئوت بىلەن داغلاپ كۆيدۈرگەن،
تومۇزدىكى قوياش نۇرىمۇ مۇزلىتىپ تىترەتكەن.
سۆيگىن مېنى خارلىنىش كىيسلىگە گىرىپتار بولغاندەك.
غەيرى ئەقلىي كىشلەرنىڭ قورشاۋىدا ئەقىلگە مەپتۇن بولغاندەك.

مەن ئاشۇ بۆرىمەن سۇغۇق يالتىرار ئۇستىخانلىرىم داخان ئايال قولىدا.
تارقىلىمەن ئەپسۇندەك تۇپراق، ھاۋا، يالقۇن، ۋە سۇغا.
سۆيگىن مېنى كۈن بىلەن ئاي بىر سىزىقتا تۇغرا كېلىپ ھەمەل بۇرجىدا،
ئۇچراشسىمۇ ئالتىنچى دەرىجىدە، يۇز بەرمىگەن مۆجىزىلەردەك.

26-ياز بىر سۈيقەست.-------------- تاھىر ھامۇت
27-رىۋايەت------------------- --------- ئەزىزى
28-ئانا ------ ---------- ئابدىباسىت ئابدۇراھمان
29-خوتەندە قالغان توت ناخشا------- مۆتەللىپ مەنسۇر ئۈۋچى
30-ئاتەش رىۋايەتلىرى------- --------مۇھەممەت خىۋىر

## ياز بىر سۈيقەست

### تاھىر ھامۇت

1

مەن تەرگە چۆمۈلۈپ تۇرۇپ ئاننى سېكىستوننى ئوقۇۋاتىمەن،
ئاسماندىن چۈشكەن توزانلار ھاۋانى قوغلاپ،
سانسىز شەھەر قۇشلىرىغا ئايلىنىپ، ۋوگزالغا قاراپ ئۇچىدۇ.
شامال
تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ،
ھەر تەرەپكە مىكروبلارنى تارقىتىدۇ.
لېكىن سەن
ھەقىقىي ياشاپ باقمىغان،
سەن ئاق تۇمشۇق قاغا ئەمەس،
سەن قىزىل رەڭلىك چىملىقمۇ ئەمەس!.
مەن بىۋاستە سەزگۈمگە ئىشەنمەيمەن،
خۇددى تۇنۇگۈن مىتىرودا ھېلىقى قېرى خوتۇن ئېيتقاندەك:
--ئالدامچى
ئىككىمىزنىڭ بىردىنبىر ئورتاقلىقى - ۋەھىمە،
بىز دائىم بىرلىكتە ئۇنىڭ چۈيۈندەك ئاۋازىنى ئاڭلايمىز،
ئۇ خۇددى چايغا ئوخشاش يىلىكلەرگە سىڭىپ كىرىپ
ئاندىن مەھكەم ئۇيۇپ كېتىدۇ.

مەن تاغنىڭ مىدىرلىشىنى كۆرۈۋاتىمەن،
ماۋزۇ ئىجاد قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى سېزىۋاتىمەن،
دېڭىزنىڭ قارلىغاچ ئۇۋىسىدىكى پەرۋازىغا قاراۋاتىمەن.
سەن مېنى رېئاللىققا سۆرەپ كېلىدىغان قورقۇنچلۇق كۈچ،
ماشىنا دەسسىۋەتكەن قونچاق،
چىنلىقتا پوققا ۋە سەنئەتكە ئوخشايسەن.

2

ياز پەسلى، ئۇ بىر سۈيقەست,
ئىلاستىكلىق ئەسلىملەردە ئاقساپ كېتىۋاتقان,
دادامنىڭ ئۆيدىن قوغلانغان چاغدىكى قايتار ماكانى،
لاي كارىۋات.

تۆنۈگۈن يامغۇر ياغدى، سەن بىلمەيسەن،
ئۇنىڭ بىچارە ئاۋازى ھىلىغىچە دەرەخ غوللىرى ئىچىدە ياڭرىماقتا،
مەن ئۆزۈمنى بارلىق قۇرت- قوڭغۇزلارغا چېتىشىم كېرەك:
گۇمان بىردىن يوقالغاندا
پەقەت شۇلارلا
پەقەت شۇلارلا ماڭا ئۆزۈمنى گۇمران قىلىدىغان كۈچ بېرەلەيدۇ.
قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىدا پارچە
سېتىلىدىغان نەشە ئېنىق ئېسىمدە،
ئۇ مېنىڭ ئەرزىمەس بالىلىقىم.
سېتىلىدىغان نەشە ئېنىق ئېسىمدە،
ئۇ مېنىڭ ئەرزىمەس بالىلىقىم.
بۈگۈن مەن بىر قولنى
پويىز دېرىزىسىدىن سۇنۇلغان بىر قولنى ئەسلەپ قالدىم،
ئۇنى مەھكەم ئەستە تۇتۇش ئۈچۈن مەن غايەت زور بەدەل تۆلىدىم.
چۈنكى ئۇ
سېسىپ كېتىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن ئىدى.
ئەتراپىمدىكى ھەقىقىي بوشلۇق ئۆلۈم شاتلىقىنى ئېلىپ كېلىدۇ.
بوغۇزۇمغا ئاستا كىرىپ، ئاشقازىنىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە ئاقىدۇ.

3

مەن جىنسىي ئاجىزلارنىڭ ساپما كەشكە بولغان
ئۆچمەنلىكىنى ئۆگەنگەن.
ئون تۆت يېشىمدا
چىش ئاغرىقى تۈپەيلىدىن ئۇرغان پىروكايىن
ئوكۇلىنىڭ تەسىرى تېخىچە پۈتۈنلەي تۈگىگىنى يوق،
ئۈمىتسىز بىر چۈشتىن كېيىندە، لېكىن
مەن قايتالايمەن، سېنىڭ يېنىڭغا قايتىپ بارالايمەن!
دۆڭكۆۋرۈكتىكى سېسىق سۇ ئازگىلىدىن باشقا
مەن يەنە نېمىدىن ئۈمىد كۈتەلەيمەن؟
مەن لاينىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن.

مەنمۇ ھەققىي ياشاپ باققان ئەمەس،
چىراغ ئۆچكەن چاغدىكى سوغۇق قاراڭغۇلۇق،
ئوغرىلىقچە ئانانىزىم-
پىيەنچۇككە ئايلانغان مىللەت
ماڭا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ.
ئەسقەر ماڭا قاراپ:
« يارايسەن كاساپەت» دەپ ۋاقىرايدۇ.!
ۋەھالەنكى،
مەن شەكىل ياراتمىدىم.
ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوزىرىم.
مەن ئوقۇۋاتىمەن، تەرگە چۆمۈلۈپ ئوقۇۋاتىمەن،
ئەرۋاھلارنىڭ ئوبرازى سۆزۈك تېرە رەڭگىنى چەككىلەپ چىقىدۇ،
ئۇ كۆزۈمگە تاشلانغان بۈيۈك نۇر قايتۇرغۇچ.

## رىۋايەت
### ئەزىزى

1

زامان شۇنداق
ئۆتەر تىنىمسىز،
مۇناجاتتا كۆكلەر تېنىمسىز.
تورغاي بولۇپ
ئىشققا تولۇپ
ئاسمانسىرى ئۆرلەركۆزنىمىز.
گاھى يىغلاپ،گاھى تەلمۈرۈپ،
ئەڭ ئاخىرقى يوپۇرماق تامان
شامال كەبى ئۇچار سۆزنىمىز،
ئېرىقلاردا ئوينار جېنىمىز،
دەريالاردا قاينار قېنىمىز،
قۇش قونمىغان باياۋانلارغا
تامچە بولۇپ سىڭەر ئىزنىمىز.

2

مۇقاملارغا مۇقام ئۇلانغان!
تەمبۇرنىڭ كۆكسىدە مۇڭ-زار قاينىغان.
قېنى ئامانىسا دىلرەبا خانىش
قېنى ئاشىق-ساتار تارىغا
جان رىشتىدىن تار ئېشىپ سالغان؟
مىڭ ئۆي
مىڭ تىزىق مارجان،

مۇغەننى سۈجۈپىنىك بوينىغا ئاسقان.
مىڭ ئۆي
مىڭ پاتمان غۇسسىنى يۈكلىگەن كارۋان.
مۇقام چىلىپ
مۇقام ئىچرە
مۇقامنى دىلغا جا قىلغان.

3

تەكلىماكان-تەكلىك ماكاندۇر،
ئۇزۇملىرى مەي باغلاپ پىشقان.
ئىدىشتا مەيزاپ قاينىغان
قوللاردا جام، مەشرەپ قاينىغان.
يىگىتلەر سەرخۇش بولغان
قىزلارنى ئۇسسۇلغا چىللىغان.
ئۇيان ئۆرگىلەپ،بۇيان ئۆرگىلەپ،
ئۆرگىلەپ،ئۆرگىلەپ ھوشىدىن تايغان.!
توساتتىن شۇئان
ئاسمان-پەلەك بىر قۇيۇن كېلىپ،
قىزلارنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن،
كۆزلەردىن يىتكەن.
يىگىتلەر ئىسگە كېلىپ بىر زامان،
قىزلارنى ئىزدىگەن،
ئىزدەپ تاپالماي ئاچچىق بوزلىغان.
يۈرەكلەر كۆيۈپ
تىلەكلەركۆيۈپ
ھەممە نەرسە كۆيۈپ تۈگىگەن.
سۇلار سىڭىپ
دەريالار تىنىپ
گۈل-چېچەكلەر توزۇپ تۈگىگەن.
تەبىئەتنىڭ قارغىشى تۇتۇپ،
بۇ كەچمىشتىن زەرداپلار يۇتۇپ،
غەزىپىگە قۇمنى بۇيرۇغان.
قىرىق كېچە
قىرىق كۈندۈز
توختىماستىن قۇم يېغىپ،
ياغقان قۇملار كەلكۈندەك ئېقىپ،
يوللارنى
ئۆيلەرنى
پۈتۈن ئەلنى كۆمۈپ تاشلىغان.
سېھرگەرلەر سېھرلىگەندەك
جادۇگەرلەر جادۇ قىلغاندەك
ھەممە نەرسە ئىزسىز يوقىغان.

ئەسكە سېلىپ
بوماكانىنىڭ مەڭگۈلۈكىنى،
يۇلغۇن بىلەن توغراقلا قالغان...

4

ئېيتقىنا بوۋا
ئەپسانىمۇ،رىۋايەتمۇ بۇ،
ياكى ئاچچىق ،ئاچچىق ھەقىقەت؟
نەس باسامدۇ بىغەم ئەرلەرنى
نەس باسامدۇ بىغەم ئەللەرنى
قۇم تېگىدە قالامدۇ شۇنداق
نەس باسقانلار ئەبەدىل-ئەبەد!

5

ئېيتقىنا موما
تارىم سېنىڭ سۇمبۇل چېچىڭمۇ،
بارخانلارغا چىرمىشىپ ياتقان؟
قۇمدەك چاڭقاش
قۇمدەك تەشنالىق'
قىسمەتلەرنى بىر قىلىپ چاتقان.
تارىم
گاھ ئۇلغىيار،گاھى تولغىنار،
ئۇلغىيىشى كىشنىگەن يولۋاس .
تولغىنىشى ئەجدىرھاسىمان.
قۇم كۆچەر
سۇ ئاقار
مۆچەلدىن مۆچەلگە ئۇلىنار زامان.
تارىم
ئۇزاقتىن باشلىنار
ئۇزاققا ئاقار.
ساداقىتى،ساخاۋىتى شۇ،
ئۆزىدىن باشلىنىپ ئۆزىگە ئاقار.

6

ئېيتقىنا دادا
نېمە دەيدۇ شاماللار،
كۆرۈۋېتىمۇ مەڭگۈتاشلارنى،
تېخى ئەستىن چىقارمىغاندۇ.
ئۇرخۇن بويى بەلكىم بىزلەرنى.!
ئېيتقىنا دادا

تېگەرمۇ. ?
ئىدىقۇتقا سالام يوللىساق؟
تېلېفونېست قىز ئۇلاپ بېرەرمۇ،
نەۋائىيغا تېلېفون قىلساق؟
چۈش ئەمەستۇر:
ئۇچارگىلەم،بىر ئۇچۇپ باقساق.
كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ھەييات
كۆكنىڭ ئالتۇن تەختىگە قونساق.
چىللاپ جىمى پەرىشتىلەرنى،
ئاھ ساماۋىي مەشرەپ باشلىساق.
ھاردۇقىمىز چىقارمۇ بىر رەت،
زەر قۇياشنى داپ قىلىپ چالساق؟

7

قۇمۇ رىۋايەت
سۇمۇ رىۋايەت
رىۋايەتتۇر باسقان ئىزىمىز.!
قۇمدەك كۆچۈپ
سۇدەك ئېقىپ
رىۋايەتتىن كۆكلەر دىلىمىز.
رىۋايەتتىن تۇغۇلغان تىلەك
رىۋايەتكە كۆمۈلگەن يۈرەك
رىۋايەتتۇر ھەر بىر سۆزىمىز.

.

ئانا

(داستان)
ئابدۇلباست ئابدۇراھمان

ئانا جەنۇبتىكى يىراق يېزىغا
بويۇن قىسىپ بارغاندا خېتىڭ,
پىشۋاتقان يوبدانىنى قويۇپ
ئالغانسە ھە!
توپا چىراي پوچتالىيوندىن.

ئانا،
ھېلھەم ئېسىمدە،
مېنى يۆدۈپ جىگدىلىكلەردە،
ئوتۇن تېرەتتىڭ.
يۈرەككە ئوخشاش قىزىل چوغ ئىچىدە،
ماڭا كۆمەچ كۆمۈپ بېرەتتىڭ.
قەدىرلىك ئانا،
سېغىنسام سېنى،
خەت يازمەن يىرتىق قەلىمگە.
ياشنىپ قالدىڭ،
ئۆيدە دەم ئالغىن،.
كۆپ ئويلىما شائىر ئوغلۇڭنى،
گەرچە شېئىرغا نان كەلمىسمۇ،
تەقدىرىمگە كۆپ دۇئا قىلغىن.
ئانا،
يىرتىق چاپان، كىرلاش رومىلىڭ،
يېرىق تاپان،قوتۇر قوللىرىڭ.
دېمىدىغۇ ئاغرىق دۇنياغا،
قاپاقتىكى ئاشقان سۇلىرىڭ.
ئاھ! بىچارىمەن،
قىيامەتتەك سەھرادا قالدىڭ.
ئىچىمدە بىر دەردلىك ئاچچىق بار
تەلمۈرگەندە بىچارە خېتىم،
بىلەلمەيسەن بۇقۇلدىشنى،
تۈتۈپ تۇرۇپ كۆزىڭگە سۈرتۈپ،
ئەسلىگەنسەن ساددا تارىخنى،
سېيىت نوچىنى،
ھەمدە ئۇنىڭ ھالاكىتىنى،
ئاھ! نادانلىق ئاھ! ساۋاتسىزلىق.
تون قوينىغا يېزىقلىق خېتىم.
شۇ تاپتا،
ئوما ئورۇپ چارچاپ كەتكەنسەن،
ئىسسىقتا ھەم چاڭقاپ كەتكەنسەن.
سۇ بېرەتتىم
يېنىڭدا بولسام،
ئوما ئورۇپ بېرەتتىم يەنە،
قەلەم تۇتقان قوللىرىم بىلەن.

ئانا:،
توقۇمى ھەم لىڭگىلچىقى بار
ئېشىكىمىز ھازىرمۇ بارمۇ؟
توقۇنىقى، ئاغامچىسى بار
يارىيار ھارۋا ھازىرمۇ بارمۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

چا قۇيرۇقلىق ئۇرۇق ئۈكۆزنىڭ
ئۆلىشگە سەۋەپچى بولغان
قاراڭغۇ ھەم زەي جۇۋازخانا
ھېلىھەم بارمۇ؟
بۇۋام ئۆلۈپ كېتىش بىلەن تەڭ
توختاپ قالغان غىچىرلىشمۇ.
ئاھ قەدىرلىك جانىجان ئانا،
ئۇغۇ
مەسچىت ئەمەس،چىركاۋمۇ ئەمەس،
خانقا ئەمەس يا تۆنەك خانا،
ۋە ياكى بىر تەجرىبخانا.
بۇ يۇرتتىغۇ يوق موزېيخانا،
ئۇ پەقەتلا بىر جۇۋازخانا.
قاراڭغۇلۇق بەخشەندە ئاڭا.
ياغ پۇرايدۇ ئەرۋاھلار ئۈندىن،
ئۈمۈچۈكلەر سايلام ئۆتكۈزەر.
ئۈنىڭ كىچىك توڭلۇكچىسىدىن
كۆرىنىدۇ تارىم غۇۋا.
<<ئوھ>> دەۋالغىن بىچارە ئانا،
ھېرىپ كەتتىڭ ئېغىر ئەمگەكتىن.

ئانا،
تېلىفۇن قىلسام يىراق شەھەردىن،
ئۇلانمايدۇ بىزنىڭ سەھراغا.
ئۇماچ چالغۇچ تۇتقان قولۇڭدا
تىڭشىغۇچنى تۇتالمايسەن،
ئەتجەخ خەتتىن باشقىسى بىكار،
لىپاپىدەك يېپىق سەھراغا،
نۇر دەۋرىدە جانىجان ئانا،
جىنچىراق بار مورا بېشىدا.
يىراق كۆلدىن سەھرا قىزلىرى
شۇ توشۇيدۇ يۇدۇپ قاپاقتا.
ئانا، سەنمۇ ياشلىق چېغىڭنى ؛
ئۆتكۈزەتتىڭ
مۇشۇ سىياقتا.
پۈتكۈل دۇنيا باردۇر قاپاقتا.
ياكى دۇنيا ئاشۇ بىر قاپاق.
پۇراق چاچار بىزنىڭ سىپسىق كۆل،
پاقىلارنىڭ كەڭرى دۇنياسى.

*　　*　　*　*

ياماق بولماس كونا رومىلىڭ،

كالىچىڭدەك يىرتىق قەلبىمگە.
جۇل كۆڭلىكىنىڭ كەبى نامراتلىق
دەرد قوشىدۇ ھەسرەتلىرىمگە.
*　　*　　*　　*

ئانا،
سەن بىلىسەن،
بىزنىڭ سەھراغا
راغرا ناندەك مىسكىن قوياشنىڭ
چېچىلىدۇ سېرىقتال نۇرى،
كىسەلمەندەك دۇمچەك دالىغا.
دالىدىكى ئىشتانسىز بالا،
يۇدۇۋېلىپ يوغان زاغرىنى،
پادا ھەيدەر يىراق جاڭگالغا.
ئاشۇ جاڭگالدا
ئاق جۇۋىلىق خىزىرمۇ بارمىش،
غايىپ بولغان شەھەرمۇ بارمىش،
بەكمۇ يىرتقۇچ ئېيىقمۇ بارمىش،
دۆۋە- دۆۋە قۇملۇقلار ئارا،
بۇرۇنلاردا
بەكمۇ قانلىق جەڭلەر بولغانمىش،
مۇمام شۇنداق
دەپ بەرگەن ماڭا.

بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ ساڭا،
كۆزلىرىمدىن يىغا تارايدۇ...
*　*　*　*　*　*

ئىۋرىق بىلەن تاھارەت ئالساڭ،
پاكلىنىدۇ بىزنىڭ قەلبىمىز،
پاكلىنىدۇ پۈتكۈل سەھرا
پاكلىنىدۇ پۈتكۈل يەر شارى،
خۇددى مەككىدەك.
يەتتە قېتىم يۇدۇپ بارارمەن،
سېنى ئاشۇ يىراق مەككىگە،
تارتقان شۇ جاپالىرىڭغا.
مەككە-
دەرەخسىز ماكان،
لەيلەپ يۈرەر نېفت ئۈستىدە.
بىزنىڭ سەھرا ئوخشىماس ئاڭا،
بەكمۇ ئىللىق بۇ تەكلىماكان.

*　　*　　*

ئانا،
بىزنىڭ سەھرادا

تىنچ ئوكياندەك يوغان دېڭىز يوق.
نىل دەرياسى كېلەلمەس ئېقىپ.
پەقەت كىچىك بىرلا ئۆستەڭ بار،
مەختۇمسۇلا چېچىنى تارىغان.
جاڭگالمۇ بار بەكمۇ بىپايان،
چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋ ئوۋلايدىغان.
يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ بار،
مەختۇمسۇلانى بولاپ ئېلىپ قاچقان،
تاپىنىدىن قان شۇرايدىغان.
جاڭگالدىكى قۇمۇشلۇقلاردا
نۇزۇگۇمنىڭ ئاياغ ئىزى بار.

*        *        *

ئانا،
غۇربەتچىلىك بۇندا ھۆكۈمران،
قوناق يېرىپ ياغۇنچىقىڭدا،
كۆك چامغۇرنى قولاقلاپ سىلىپ،
ئېتىپ بىرەتتىنىڭ ياما ئاش بىزگە.
قۇيۇپ بىرەتتىڭ ئۆپكە ھېسىپمۇ،
يەيتتۇق بىز كېكىرىپ تۇرۇپ،
ھېيت بولغاندەك خۇشاللىق بىلەن.!

ئانا،
چەكتىڭ رىيازەت،
بۇبى مەريەمدەك.
بولالمىدى بۇ شائىر ئوغلۇڭ،
ئەيسادەك.
كىرېستمۇ يوق قۇملۇقتا،
مەن مىخلانغۇدەك،,
كۆپ يىللار مابەينىدە
قىلىپ كەلدىم شائىر تىلاۋەت،
بۇقۇسىنىڭ دوقمال تىغىدەك.
ئەيسا قاچتى سۈزۈك ئاسمانغا،
مەن قاچايمۇ تەكلىماكانغا.
شۇندا يەنە
قوغلاپ بارسا رودىپاي شېئىرلار،
تۇتتۇپ قويار مېنى نامراتلىق.
مەن ياتارمەن چاكىلدىتىپ ئاغزىمنى،
يۇنۇسنى يۇتقان يوغان بېلىقتەك.
دەشت چۆلدە سەكراتتا ياتسام،
يۇدۇپ كېلىپ بىر كوزا سۇنى.
تىمتامسەن چاكا- چاك ئاغزىمغا،

ئاشۇ پۈچۈق نوگېيىك بىلەن.
قان - ياش يىغلايسەن،
ياقاڭنى يىرتىپ،
ئەگەر مەن ئۆلۈپ ئارماندا كەتسەم.
ئېڭىكىنمنى قاتارسەن بەلكىم،
ئۆڭۈپ كەتكەن ئاق رومىلىڭدا.
يۇمدۇرارسەن كۆزۈمنى بەلكىم،
ئاشۇ يېرىك ئىشچان قولۇڭدا.
پەرياد ئوروپ سەنلا يىغلايسەن.
يىغلىمايدۇ بىۋاپا دۇنيا.
ئاران باققان چۈنكى سەن مېنى،
بۇلماق ئېتىپ تېرىق ئۈندا.
ئۆزەڭ يىگەن قورۇپ كېپەكنى،
ماڭا چاي بېرىپ زاغرا نىندا.
قالاپ قومۇش، پاخال كېپەكنى.
يىغلىما ئانا،
هايات مەن تېخى،
ئەيسامۇ هايات بارمىش ئاسماندا
مەنمۇ هايات تەكلىماكاندا.

ئانا

ئەللەي ناخشاڭدا
تەسۋىرلىندۇ.
خارابى يىپەك يولىنىڭ،
مىڭ ئۆيىنىڭ،
قوچۇنىڭ،
قارا خانىيلارنىڭ،
يىپەك يولى،
بەكمۇ ئۇزۇن يول،
خۇددى بىزنىڭ تارىخىمىزدەك.
جىرىڭلىغان مۇشۇ يولدا،
بۇغرالارنىڭ قوڭغۇراقلىرى.
تارقاتقانتى يىراق - يىراققا،
مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى.
ئەمدىلىكتە،
ئاھ! جېنىم ئانا،
مۇشۇ يولدا هەيدەپ كېلىسەن،
كالا قېتىلغان ياربىيار هارۋىنى،
كۆك يانتاق بېسىلك.
ئانا،
ئېيتىپ بېرەتتىڭ،
باغدات هەققىدە،

<ملك بىر كېچە > چۆچەكلىرىدىن.
تىڭشار ئىدى گۈدەك شائىرلىك،
ئاق سۈتتۆكىنىك لەززىتى كەبى.
باغدات،
چۆچەكتىكى گۈزەل بىر شەھەر.
داۋامى بار غەمكىن چۆچەكنىك،!
تۈگىتەلمەي كەتكەن شەھرىزاد،
ئەمدىلىكتە،
باغداتتىكى چۆچەكچى موماي،
چۆچەك ئېيتار يىغىدىن يىغى،
يېزىپ قويىدى بىر نەچچە تويلام.
ئۇرۇش بىلەن پارس قولتۇقى،
قاغجىرايدۇ سۈسىز كەر بالا.
زەر قاقشايدۇ بالىسىز ئانا.
يۈگۈرەيدۇ ئۇياق بۇياققا،
يېتىم قالغان نەچچە ملك بالا،
باغداتتىكى كاتتا باشلارنىڭ
چۆچەك بىلەن خۇشى يوق بەلكىم.
قان ياش يىغلاپ چۆچەكچى موماي،
ئىزدەپ يۈرەر ھەسەن- ھۆسەنىدەك
غايىپ بولغان بالىلىرىنى،
چۆچەكتىكى گۈزەل باغداتنى،
ئىس - تۈتەكتە قالغان زېمىندىن،
ئېھ! قايىدىسەن ئىنسانپەرۋەرلىك،
بولۇپ كەتتىڭغۇ دۇنيا بىۋاپا.
باغدات،
بۇرۇخ ئىسى قاپلىغان زېمىن،
سۆزلەپ بەرگىن تىنچلىق ھەققىدە،
قايتالمايسەن ئەمدى چۆچەككە.

*        *        *

ئانا
بەكمۇ چىگىش
بۇ قەلبىم مېنىڭ،
كىرىزىستەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ،
پەلەستىنلىك بىر بەخىباش يىگىت،
ئانىسىنى يالغۇز قالدۇرۇپ،
ئۇرۇشقا بېرىپ .
ئۆلۈپ كېتىپتۇ،!
نىمىدىگەن تاش يۈرەك ئۇ ھە،
يىغلىغاندۇ غېرىپ ئانىسى،
ئۆلۈپ كەتسە يۈرەك پارىسى.
مىڭلاپ ئانا قان ياش يىغلىشار،

ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىغا،
ئۇرۇش دېگەن شۇنداق دەھشەتلىك.
*　　　*　　　*

ئانا
ئانا ئۈچۈن ۋەتەن بىر بالا،
بالا ئۈچۈن ۋەتەن بىر ئانا،
شۇڭا دەيمىز تىنچلىق ياخشى.
ھەر كىشىنىڭ ۋەتى بولسا،
ئۇنى شۇنداق قۇچاغلاپ سۆيسە،
ئەنە شۇدۇر تىنچلىق دېگەن،!
ئەنە شۇدۇر قۇربان بېرىش ھەم،
ئەنە شۇدۇر ۋىجدان دېگەن،
شۇدۇر يەنە ۋەتەن ئوغلانى.
ۋەتەن،
ئانا سېنىڭ ياخشى غەمخانىڭ،;
ۋەتەن بىلەن تەندە دەرمانىڭ،
مەن سېنىڭكى ئوماق ۋەتىنىڭ،
مەن ئوخشايمەن-
چۆچەكىڭگە ئۇيغۇرنىڭ،
سەن ئىزدەيسەن چۆچەكلىرىڭدىن،
ماڭا ئوخشاش ئوماق ۋەتەننى.
ۋەتەن،
كىرپىكىڭگە تۇنەيدۇ،
قۇش چۈجىسىدەك.

8
ئانا،
ناماز شامنى ئوقۇپ بولۇپلا،
چىك تاقىغىن ئىشىكلىرىڭنى،
يوغان دەم بىلەن.
ھۇشيار بولغىن قوتانلىرىڭغا،
ئېشەك ھارۋا، توقۇملىرىڭغا،
پالتا،كەكە،ئوتۇنلىرىڭغا،
ئۆشكە، ئوغلاق، پاخلانلىرىڭغا.
بىزنىڭ يۇرتتا يوقتۇر ئوغرىلىق،
بىراق يامان ئاشۇ يوقسۇزلۇق.
ئەگەر بىرەر دېلو يۈز بەرسە،
ساقچى كېلەر بەكمۇ كېچىكىپ.
<تووۋا> دەيلى،
ئاھ! يوقسۇزلۇق كۆمەچ نان كەبى،
يۈرىكىمنى پۇچىلاپ قويىدى.
ئاغرىپ قېلىش بەكمۇ خەتەرلىك،
يېقىن جاندا شىپاخانا يوق،

پەقەت بىرلا كونا داخان بار،
دۇس قاچىسى بەكمۇ كۆپ،
داۋالايدۇ دىئاگنوزسىز،
رېتسېپى يوق دوربىلار بىلەن.

* * *

ئانا،
تەكلىماكان-
بەكمۇ يىراق ئىگىز بىنادىن،
بەكمۇ يىراق شەھەرلىكلەردىن.
ئەگىپ يۈرەر قاتمال نامراتلىق،
شادلىقى يوق توپىلىق بازاردىن.
تېلېۋىزوردىن كۆرۈنمەس ئەسلا،
لەڭپۇڭچىنىڭ ئەبجەق ھارۋىسى،
توقسەن ياشلىق دوڭغاق مۇمايىنىڭ،
جىگدە شېخىدا ئەتكەن ھاسىسى.
يۈزلىرىگە ئىس ئورناپ كەتكەن
كاۋاپچىنىڭ چار قىراشلىرى،
غېرىبانە پۇلسىز بازاردا،
دۈۋىلىنىپ سېتىلار ئادەم،
خۇپىيانە سېتىلار ئىمان.
چېرىبدارسىز ساۋاتسىز باققال
باج ھەققىگە پۇل تاپالمىسا،
قىلىندۇ مىلى مۇسادىر.
خىلۋەتتىكى ياماقچى بوۋاي،
چەم سالىدۇ كونا ئۆتۈككە،
يارىمايدۇ فۇتۇ سۈرەتكە.
بۇياقلارغا كەلمەيدۇ ھېچبىر،
بوپكىسىدا راست - يالغىنى بار،
بەك سىپايە ئىشقىۋاز مۇخبىر.

* * *

ئانا،
بىزنىڭ يۇرتتا-تەكلىماكاندا،
ھالسىرايدۇ قوشتىكى كالا،
قىرقىرايدۇ بۆشۈكتە بالا.
بىتىرىنشىدۇ تەرەپ - تەرەپكە،
غالجىر ئىتتىن ھۈركىگەن پادا.
قورۇنىدۇ شۇنچە ئۇياتچان
قىز بالىدەك يۈرەكسىز دالا.
بۇ دالىدا ئادەم بەك تولا.
غېچىرلايدۇ توپىلىق يولدا،
مايسىرىغان ياغاچ ھارىۋا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئىشتان بېغى ساڭگىلاپ قالغان
تىزى يىرتىق يېلىك ئاياغ بالا
يۇدىۋېلىپ كونا پوخچىنى،
ئۇقۇماقتا مۇشۇ سەھرادا،
مومىسىنىڭ چۆچەكلىرىنى
ئۇ تىڭشايدۇ كولۇپ ئالدىدا.
تىڭشاپ- تىڭشاپ ئۇخلاپ قالغاندا،
كۆرەر تېخى شىرىن چۈشلەرنى.
چىقىۋېلىپ ئۇچار گىلەمگە،
كۆرۈپ كېلەر گۈزەل شەھەرنى،
تېپىۋالار گاھىدا تېخى،
خاسىيەتلىك <ئۇر توقماق>نىمۇ،
ئۇچراپ قېلىپ چىن تۆمۈر باتۇر،
بېرەر ئاڭا <مىسران قىلىچ>نى

ئانا,;
سېپىت نوچى ھەققىدە ،
بەكمۇ تولا سۆزلەپ بېرىسەن،
ئەپسۇس, بىلمەيسەن,
سپارتاك ھەققىدە.
سپارتاك،
گېلادىياتور،
ئاجايىپ شەخس.
قولۇلۇق كىشەنلىرىنى
چېقىپ تاشلىغان.
ئېزىلگەنلەرنى
ھۆرلۈككە باشلىغان.
قۇلدارلارنىڭ قانلىق قامچىسى،
قۇللارنىڭ قىزىل قانلىرى،
ئەڭ ۋەھشىي گېلادىياتورلار سەھنىسى،
سپارتاكنى تاۋلىغان،
قان، قامچا،ياش، ھۆرلۈك ناخشىسى،
ئازاب، ئۆلۈم ياندىشىپ كېلەر،
ئەرك ئۈچۈن بەدەلدۇر شۇلار.
ئاھ! جېنىم ئانا،
بويۇن قىسىپ قۇللۇق بىلدۈرسە،
ئۆتمۈشتە كىممۇ ئەزمىگەن دەيسە.
روھىي قوللۇق ئەڭ بىچارىلىق،
نادانلىقتۇر ئۇنىڭ زەنجىرى،
سپارتاك -
ئاجايىپ شەخس،
ئوخشمايدۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

سېيت نوچىغا.

*      *      *

ئانا،
تەكلىماكان
جاينامىزىڭدەك ئۇلۇغ بىر زېمىن.
سۈكۈناتتا دۇرۇت ئوقۇيدۇ،
ئۇنىڭدىكى بارچە مەخلۇقات.
قۇم باغرىدا سېنىڭ بىر كەپەڭ،
كەپەڭدە بار قازان- قۇمۇچۇڭ،
ساپال قاچاڭ، ياغاچ قوشۇقۇڭ،
ئىسلىق مورا، قىيسىق ئوچۇقۇڭ،
مورا بېشىدا ساپال چىرىغىڭ،
ساڭا ھەمرا بىر ياغۇنچىقىڭ،
سۇپۇراڭدا تاختا- نوغۇچىڭ،
سۆيۈملۈكىڭ يۇۋاش مۈشۈكىڭ،
بىزنى باققان كونا بۆشۈكىڭ،
ئۆڭۈپ كەتكەن يوغان ئۆتۈكىڭ،
قوزۇقتىكى كۆرپە تۇمىقىڭ،
ئوچاقتىكى قارا چۆگۈنىڭ.
تەكچەڭدىكى بىرلا چەينىكىڭ،
ئاھ!
غېرىپ ئانا-
شۇدۇر سېنىڭ تۇرمۇش بويۇمىڭ.
دوك بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن ئۆمرۈڭدە
شۇدۇر سېنىڭ تاپقان - تەرگىنىڭ.
ئويىقىدىكى كىرورەن خانىش
كۆرگەنمىدۇ سېنى چۈشىدە.

*      *      *

ئانا،
توكيو بەكمۇ يىراقتا تەكلىماكاندىن.
ئۇ- يالاڭباش شەھەر،
ئوخشمايدۇ چىمەن دوپپىدەك.
ساددا قەشقەرگە.
تۆت مىڭ يىللىق كىرورەن خانىش
توكيودىكى ئېسىل مۇزېيىدا
تونۇشۇپ قاپتۇ ياپۇنلار بىلەن..
نىيەدىكى خارابە شەھەر-
قۇم ئاستىدا قاپتىكەن ئەجەپ!
تارىخ،
شۇنداق رەھىمسىز.
ئۇنىڭ يوغان،كالامپاي چاقى،
يانچىۋەتتى يېپەك يولىنى،

بوستانلىقنى، گۈزەل شەھەرنى،
تىنچ چۆلنى - تەكلىماكانى.

ئانا،
ئانىلار ئۇلۇغ بۇيى مەريەمدەك،
ئانىلار بار ساچىر خانىمدەك،
ئۇلۇغ ئۆلگە كيورى خانىم،
ئانىسى بار نيۇتوننىڭمۇ،
ھەممە ئىنسان بالىدۇر بالا،
بالىسىدۇر ھاۋا ئانىنىڭ.
ھاۋا ئانا ئەمگەك قويندا;
تۇغۇپ قويدى ھەممە ئىنسانىنى،
<مانا مەن> دەپ جاپا- مۇشەققەت،
تاشلىنىدۇ ئانا ئالدىغا.
ئانا،
ساچىر خانىمنىڭ
بەكمۇ ئېسىل داچىسى بارمىش،
سېنىڭمۇ بار داچىدەك كەپەڭ.
بارمىش يەنە شاھزادە ئوغلى،
سېنىڭمۇ بار بىر شائىر ئوغلۇڭ،
ساچىر خانىممۇ ئۆزىگە خانىش،
سەن خانىشى تەكلىماكانىنىڭ ،
سېنىڭ ئاناڭ كىرورەن خانىش.
چۈنكى سەن
گۈللەندۈردۈڭ مۇشۇ دىيارنى،
تىرىشتىڭ - تىرماشتىڭ بىر ئۆمۈر،
قاغجىراپ كەتكەن مۇشۇ زېمىندا.
يالىڭاياغ قىزىق قۇملاردا،
چېپىپ يۈرۈپ يانتاقلىقلاردا.
سىنىڭ تەرىڭدە-
سۇ ئىچكەن زېمىن.
مەن
سېنىڭ ئەركە، ئوماق شاھزادەڭ.
ئانا،
چۈشكۈنلۈكتە ناخشا توۋلۇدۇم،
جەنۇبتىكى كونا رەستىدە.
بولماس ئىكەن روھ ئويغانمىسا،
بارغۇ تېخى دوقمال بوقۇسا.
تەرەققىيات
ئويغىنىش
چىقىپ تاشلار!
ئاخىر نادانلىق زەنجىرىنى.

سلكىنگەندە مۇقەددەس زېمىن،
تەبىر بېرەر نامراتلار
كەتكىنىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ.
ئانا شۇندا مېنى ئىزدەيسەن،
پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇشقا
مەن كېلمەن ئالدىڭغا،
يېپىنچاقلاپ شېئىرلىرىمنى،
سەن كۆرىسەن ھەسرەتلىرىمنى،
قۇچىقىڭدا يىغلاپ كېتىمەن،
مەن ئاڭلايمەن،
يۈرىكىڭنىڭ بوقۇلدىشىنى,
يۈرىكىڭ
ھۆتمە تۆشۈك
جۇل بولۇپ كەتكەن تارىخ بېتىدەك.
ئەللەي ناخشاڭ-
سېھىرلىك بىر كۈي،
قاپلاپ كەتكەن تەكلىماكاننى.
تولا تىڭشاپ ئاشۇ ناخشىنى،
بۇۋاق بولۇپ كەتتۇق ھەممىمىز.
قەدىرلىك ئانا،
مەن سېنىڭكى ئوماق بوۋىقىڭ.

*  *  *

ئانا،
چەكسىز بۇ ئالەم،
گۈزەل كېلەچەك،
ئارمانلىرىم كۆپ،
يەتسەم دەيدىغان،
بار ھەم مەندە شۇنداق جاسارەت.
ئافرىقىدا نېگىر ئانىمۇ،
سۆيۈندۇ قابىل بالىدىن.
بەكمۇ قەيسەر يەھۇدىي ئانا،
بىلىم بېرەر ئوغلانلىرىغا.
ئەدەپلىكتۇر ئەرەب ئانىلار،
ئەخلاق بېرەر باللىرىغا.
بەك مېھرىبان ياپون ئانىلار.
ۋەتەنپەرۋەر دېمەك باللار.
ئانا مەنمۇ تىلەيمەن سەندىن،
باتۇرلۇقنى، جەڭگىۋارلىقنى،
دۇئا قىلغىن بەكمۇ كۆپ ماڭا،
ماڭا بەرگىن ئۈمىدۋارلىقنى،
ئىمانىمنى - روھىمنى پاكلاپ
جاكا قىلاي ئادەملىكىمنى.

ئاھ! جېنىم ئانا
ئامان بول ئانا
مەن سېنىڭكى ئۈمىدۋار ئوغلۇڭ.

## خوتەندە قالغان تۆت ناخشا

### مۇتەللىپ مەنسۇر ئۇۋچى

پاتتىك تىرەن قەلبىمگە ئوقتەك
چۈشلىرىمدىن ساقماقتا قان.
بىر قارىسام دۇنيادا يوقتەك
بىر قارىسام ئالدىمدا تۇرغان.

ئاقار ئارمان..ئاقار كەيىپ كۆي
شاۋقۇنلىرى سىڭمەكتە سايغا.
سۆيسەڭ ئەگەر قىپ-يالىڭاچ سۆي!
قانلار قالسۇن سۆيۈشكەن جايغا.

تىترەك ئۈنۈڭ ماڭا سىم قامچە
سىلىكىنمەن تەككەندە ھەر رەت.
كۆكرىكىڭگە يۆلەنگۈنۈمچە
مەن روھىڭغا يازماقتىمەن خەت.

ئىزى قالدى لەۋىنىڭ ...كۆڭۈلنىڭ
مىسرالاردا چاقنار ئاي نۇرى.
پاچىقىڭدا ئېچىلغان گۈلنىڭ
كۆز يېشىدۇر سىم-سىم يامغۇرى.

گۈللەر..ئايدىك..يەنە مەست شامال
نىلۇپەردەك كۆتەردى كۆڭلۈك.
يىغلا..يىغلا، شادىمان ئايال!
مەن يىغاڭنى يازىمەن ئۈنلۈك.

ئۆنتۇلماستا خەيرلىك تۆنلەر
مەن سايەڭنى چىلاي شاراپقا.
كارۋىتىمدا ئاخشامقى ئۆنلەر
خۇش ھىدىنى قوشار ئازاپقا.

لەرزان..مۇڭلۇق ناخشىدۇر ھايات
سەن رەققاسسەن..مەن بىر ناخشىۋەن.
تەقدىر دىگەن ئەما موزىكانىت
كۆي كۈيلەيدۇ شۇ قەدەر لېۋەن......

پاتتىڭ تىرەن.....قەلبىمدە بىر دەرت
چۆشتىن چۆشكە سوزۇلدى ھېجران.
مانا ئەمدى يازماقتىمەن خەت
مىسرالاردىن ساقىماقتا قان.

ئاققان تۆنلەر....سىم-سىم ئاي نۇرى
قەرىز قىلار شائىرنى بۇ تەن.
سېغىنىشنىڭ ئاپئاق گۈللىرى
لەۋلىرىڭگە سۆيىدۇ قەستەن.

تاشتىن تاشقا...كۆڭۈللەر ياشقا-
كۆزلىرىمنى يەپ كەتتى كۆزلەر.
ئايال يوقتۇر سېنىڭدىن باشقا،
جىرىڭلايدۇ كارۋاتتا سۆزلەر.

ئىزىڭ كەلدى...سايەڭ كۆرۈنمەس
بوسۇغامدا ياۋايى ئىستەك.
مەن كەيپمەن،كەيىپ غەرق مەست
قەي قىلدۇ ھېجراننى يۈرەك.

گۇگۇم ئارا يېشىندىك تىترەپ
سەرخۇشلۇقتا تۇرىمەن قاراپ..
كۆكرىكىڭدىن ئاپئاق ھورئۆرلەپ
لېۋىڭ ئۆزرە قايىنايدۇ شاراپ.

ئۇزدۇم.. مەستلىك تېگىمدا دولقۇن
قىرغىقىڭدا گۈللەر سايىۋەن.
تېنىم شۇ تاپ چېچىلغان يالقۇن
بىر زىخ كاۋاپ پىژىلدار تىرەن.

لەيلەر ئاسمان..كۆكۈل كۆكۈشرەك
مسرالاردىن ئاقار كەيىپ تەن.
كۆكسۈك ئۈزرە جۇلالىغان مەك-
ئىچرە بىزنى ئۇنتۇدى خوتەن.....

پاتتىك تىرەن...ساغۇچ كۈز پەسلى.
تىنىقىغا سىڭىشكەن مەھەل.
بارماق ئىدىم يېنىڭغا ئەسلى
توختاپ قالدىم كارۋىتىڭدا دەل..

ئانار قارنى يېرىلدى...يۇلتۇز
قىزغۇچ ئۈندە چېچىلدى يەرگە.
خوتەن يالغۇز..ئىككىمىز يالغۇز
نىمە دەيتىك ئەسەبى ئەرگە؟

تارت لېۋىڭنى...لەۋلەر قان يۇقى
كۆكسۈك ئارا پەرۋازدا جەرەن.
كېلىپ تەگدى سۆيگۈنىك ئوقى
لىكىن ئۇخلاپ ياتسەن لېۋەن.

ئىزلىمەسسەن...ئىزلەش بىھاجەت
مانا سۆيگۈ..مانا بۇ تۇرمۇش.
يىگىرمىدىن ئۆتتۈك ..بىتاقەت
سىنىك تامام..يىغلاش...ئاھ ئۇرۇش..

گۈللەر تامام قانىرەك ئېچىلغان
كارۋىتىڭدا چۈشلەر يالىڭاچ.
ئەتىرگۈلنىك ھىدى چېچىلغان
ئۇۋىسىغا كىرەر قارلىغاچ....

ئۇنتۇ،دەرسەن..ئۇنتۇلماس لىكىن
بىر كۈنلەردە خەتتە،تىلفۇندا.
سەن بىر ئېتىز..سەن مۇنبەت ئېكىن
ھوسۇل بىرەر ۋۇجۇدۇك قاندا..

لەرزان ئۈندە چايقالغان تۈنلەر
سەن-سەن ماڭا،بىر ماڭىلا تەن.
قۇلغۇمدا قالار شۇ ئۈنلەر
قالار مەڭگۈ يىراقتا خوتەن.....

پاتتىلىك تىرەن...كۆزدىن قايتتىم
ئەينەكلەرگە ئەگىشەر چۆللەر.
كۆكسۈمدىكى ئوتنى تارتتىم
جاراھەتتىن ئېچىلدى گۈللەر.

ئاسمان غۇۋا...كۆڭۈل قىزىل رەڭ
ئاپتۇبۇسقا ئەگەشمەكتە ئاي.
كۆكسۈڭدىكى ئەشۇ قىزغۇچ مەڭ.
نۇر چاچماقتا تۇيغۇمغا تىنماي...

توختاپ قالدى بوسۇغامدا تۈن
چۈشكىن، ئەمدى قونغىن يۇلتۇزچى.
كۆكسۈم چۇچۇل...ئۆرلەيدۇ تۈتۈن
ئالقىنىمدا بارمىقىڭ ئۇچى.

ئىستەكلەرگە چىلىدىڭ تەكرار
ماكان بولدى سۇ بىلەن ئاتەش.
قايتا-قايتا يىغلايدۇ باھار
كۆزلىرىڭدە چوڭقۇر بىر ئۈندەش...

گۈللەر يالغان ئېچىلغان تاڭدا
ئاخىرقى رەت باقارسەن قىيا.
ئايىغىڭدىن توزغىغان چاڭدا
سۈكۈت بىلەن قالىدۇ دۇنيا...

ئۇخلا ،كۆڭۈل...ھاياتىڭ بىر چۈش
بىر ناخشىنىڭ قالار ئاھاڭى.
سۆيۈشىدۇ ئۆز ئارا ئۆتمۈش،
توزغۇپ ئىسسىق لەۋلەرنىڭ چېڭى.

لەيلەر گۈللەر...يەنە شۇ ناخشا
لەيلەر گويا تۇيغۇمدا بۇ تەن..
كەلگىن ئەمدى ناخشامنى تىڭشا
ئەي يىراقتا قالغان يار خوتەن!...



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئاتەش رىۋايەتلىرى
مۇھەممەت خىۋىر

چاقمىقى قالدۇقلىرىدىن دىلدا غەليان ئۆچمىدى ،
چاقنىغان قارچۇقلىرىغىدىن ياندا گۈلخان ، ئۆچمىدى.
جۇش ئۇرۇپ شەمەنەملىرىمدىن ئاقتى يۇزدە جۇپ ئېرىق ،
قاغجىراپ تۇرغان چۆلۇمگە ئاچتى تۇغيان ، ئۆچمىدى.
لەۋگە لەۋ يەتكەن ئارادا قانچە مۆجەل ئۆتتىكىن ،
بۇ قىيىن كەلگەن ئۆپۈشكىنىك مېھرى ۋۇلقان ، ئۆچمىدى.
ھەرزىتى ئادەم ئىزىدىن دەمبەدەم كەلدى ئۇشاق ،
ھەر ئۇشاق ،ھەر بىر ئۇشاق مىڭلارچە داستان ، ئۆچمىدى.
يول بويىدا قانچە ساھىل كەلدى سۈلغۇن جان تىلەپ ،
بىز ئۇلارغا سەپلىدۇق جان ،كويىدى رەھمان ، ئۆچمىدى.
قۇم كومۇپ ئۆتكەن رىۋايەت ئۇندى باشقا تۇس بىلەن ،
يازدى ھەسرەت كۆكرىكىمگە داغى ھىجران ، ئۆچمىدى.
بەك يامان دىللارغا سەرسان رەڭگى روھلار يايسا تور ،
ئاتەشىن كۆيدى لاۋۇلداپ رەزۋى زامان ، ئۆچمىدى.
ياندۇرۇپ بولماس قەدەمدىن دىلغا ئۆتكەن لەرزىنى ،
چايقىلىپ ياش ئىچرە كەلدى ،كۆللى جەريان ئۆچمىدى.
ئۇ ئەمەس چۆل ۋىل-ۋىلى ھەم ،ئۇ ئەمەس .ەپسانە ھەم ،
شۇ سەپەر زەنجىرى مەن دەپ ياندى پىنھان ، ئۆچمىدى.

ساتارنىڭ نالىسى مۇڭلۇق يۈرەكنىڭ تەكتىدىن چىقتى،
نىگارنىڭ لالىسى تۇرگۇن مۇھەببەت تەختىدىن چىقتى.
سۆيۈش ئىسكەنجىسى مەغرۇر بويۇمنى ئەگدى، ياقلىدى،
قارا تۇنلەرگە يەتكەن جاي ھىجرىنىڭ دەشتىدىن چىقتى.
ئاجايىپ سېھرى مەھكۇملۇق كۆكۈلگە ئىختىيار ھازىر،
چۇشكەپ ئاھلىرى تۇندە سىغىنچىم دەستىدىن چىقتى.
ساتار يىغلايدۇ- يىغلايدۇ ئۇنىڭ شورلۇق پېشى مەندە،
يىلاندەك تولغۇنۇپ يۈرمەك نىگارنىڭ ئەھدىدىن چىقتى.
ئەنە كىملەردۇر ئالدىمدا نامايىش قىلدى بىر تاڭنى،
مىنىڭ يالغۇزلۇقۇم ئاشىق يولىدىن- رەستىدىن چىقتى.
سوغۇق گىرداپتا تۇرغانلارغا ھامان ئۇشاقتا ئاسىيدۇر،-
تېگىرقاش ئېھتىمال كۆلگەك نىجىسنىڭ قەستىدىن چىقتى.
مىنى دەھشەتكە قويماقتىن ئازابلىق كۆيگە ھۆل قويدۇڭ،
ئىجادلار ھەر قاچان دىلنىڭ كۆيۈشى تەكتىدىن چىقتى.
ساتارنىڭ تىلدا سۆزلە، قەلەمگە سەن ھامان چولتا،
زەئىپ پىنھانلىقىڭ ئالجىپ نىزىمنىڭ تەپتىدىن چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

31-رۇبائىيلار ----------------------ئابدۇللا تالىپ
32-ئامانىنساخان ------------------ئىمىن تۇرسۇن
33-بىر قارا -----------------پولات ھېۋىزۇللا
34-قەشقەرلىق ئايال --------------ئادالەت ئابدۇرېھىم
35-باغرىم داغ ------------ئەھمەد زىيائى
36-نۇزۇگۇم قوشقى ---------تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

## رۇبائىيلار

### ئابدۇللا تالىپ

دۇنياغا مېھمان بىز ،جاھان بىر قەسىر ،
ھەشەرقىل نەپسىدىن بولما بەدبەشرە .
ھارامنىڭ سولپىدىن گۇم بولار ئادەم ،
ھالاللىق شەرىپى ياشار مىڭ ئەسىر .

شۆھرەتكە قوشكېزەك ئىمىش خوشامەت ،
ئۇستىدە ھۆرمىتى ،تەكتىدە ھەسەت .
بۇ سىرنى ئادەملەر بىلىپ تۇرسىمۇ ،
يۈگۈرەر شۆھرەتكە ،كەلتۈرسىمۇ دەرد.

بوۋىلار كوپ ھىكمەت ئىيتقان دىلىدىن ،
مەرىپەت شارابى ئاققان تىلىدىن .
پاراسەت ئۇرىغى چېچىلىپ ھەريان ،
چېچەكلەر ئىچىلغان ئۇنگەن يىرىدىن .

چىدامسىز ئەزمىگە جاھان قوينى تار ،
ھىممەتسىز يىغلاڭغۇ ياشاشتىن بىزار .
سوغۇقتىن قاچۇرسا ئوزىنى بۇلبۇل ،
ئۇنىڭغا نەدىكى مەڭگۈلۈك باھار .

## ئامانىنساخان

ئىمىن تۇرسۇن

ۋەلى يەركەنت چىمەندۇر ،
ساز بەيگىدە سەمەندەر .
مۇقاملارنىڭ بۇلىقى ،
زەرەپشانلىق زەمىندۇر .

غەنى ياركەنت ئىلكىدە تۇغۇلغانىمىش بىر جان ،
ناۋا ئەيلەپ بۇلبۇلدەك دەرتمەن غەزەلخان .
قۇمقىساردا كۆكلىگەن سەرۋىدەك ئازات ،
جامالىدىن خىجىلدۇر ئاي ھەم پەرىزات .
كامالەت ئىگىسى ئەردى ساز-نەغمىدە،
ۋە لېكىن ئوتتى ئۆمرى ساز ئۇچۇن غەمدە .
قەدىرلىدى مۇقامنى ئارتۇق ،
ئۇنى قىلدى ئىلگە مۇقەددەس تارتۇق .

زىمىن ياركەنت چىمەندۇر ،
مۇغەننىسى تۇمەندۇر .
تاپتى نىجات مۇقاملار ،
ئامانىنسا ئەمىندۇر .

## بىر قارا

پولات ھېۋزۇللا

چارچىغان روھنى يۇدۇپ ماڭغان تېنىمگە بىر قارا ،
بۇ ھايات ئالۋاڭمۇ ؟يەتكەن مەنزىلىمگە بىر قارا .
بىر قارا ،ئەكسىڭنى كۆر مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ تەكتىدە ،
بىر ئىدىم مىڭ دانە بولغان تەقدىرىمگە بىر قارا .

يېپىلىپ بولدۇم پايانداز ،دەسسىسەڭغۇ مەيلىتى ،
قەدرىسىز ئۆچكەن ئىسىڭدىن قىممىتىمگە بىر قارا .
ئاتلىنىپ روھىم تامان ئىپتىتىم بۇ جەننەت سەپىرى ،
ئانچە ماڭماي ئۇسۇۋالغان سىپىلىمگە بىر قارا .

قەشقەرلىك ئايال

ئادالەت ئابدۇرېھىم

لىرىك داستان

ئەنجان رەستىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئايال ،
ھەر رەڭ رەختتە ئالدانغان بىر تەن .
ئەرلىكنى پەش قىلار ئەرلەر ،
روھىيەتكە قىلماس ھېچ بىر ئىرەن .
كەلگۈسنى سورساڭ ئەلنىڭ
ئانىلارنىڭ ئىستەكلىرى دەر:
"ئۆز بېشىڭغا پۈتۈلگەن تەغدىر
ئايالىلارنىڭ قەلبىدە قەشقەر"
*

ئەنە:
بالقىغان ئارمانىنى كىتىدۇ يالماپ ،
ئۇن يەردىن باغلاپ ياتقان سۇپۇرگە .

چاچرىتار ئاق بىلەك تەشتەكتىن ماغزاپ ،
توزۇيدۇ ماغزاپ بولۇپ ئىرادە يەرگە .
ئەنە :
گۈلقسار ئۇ ئۆيگە دەسملى بىلەن ،
قەدىمى تارقىتار مۇھەببەت ئىدى.
شىھىت ئىستەكلىرى قىينايدۇ ھەر ئان.
شىھىت روھلاردەك كىرىپ چۈشكە.
بۇ چاغ
قىپقىزىل كۆكلەكتەك لەپىلدەپ تۇرغان
ئۇنىڭ يۈركى ئوتلۇق غايىسى
مانا.ئۇ سۇلغان ،بەرگى توزىغان.
پەقەت ئۆزگىچە يۈرقى قالغان!
دىل كۆركى سۇنغان ،.
سۇنغان ئامتى .
ئىسنى يالاپ تۇرار ئىسرائىليە
مۇنقەرىز ئەل ،مۇنقەرىز دۆلەت
مىراس بىرەر ئۆز باللىرىغا
ئازاپ ،كۆز ياش .ھەسرەت ،نادامەت .
مىراس بىرەر كۆكۈلسىز ۋەتەن-
ئىللەتلەرگە تويۇنغان روھ تەن
دىلى كورلۇق تاڭدۇ رەت-رەت
تاپالمايدۇ مەڭگۇ ئىشەنچنى
تاپالمايدۇ مەڭگۇ ئەسلنى
تېڭىرقاشقا چۆمگەن ئۇيغۇردەك .
ئارمانلىرى قىرقلغان ئايال .
مەزلۇملۇققا مەھكۇمۇ ئەبەد ؟
ئىشلەمچگە تەقلدى قىلنغان ،
ئۇ ماشنا ،ماشنا پەقەت

تۇرالغۇسى دائىملىق ئۇنىڭ
ئۆمرى بىلەن كۆترە ئېلىپ
ئېھتىياجى ،ئىشنى ئەرنىڭ..
پاقتار ھەممنى گۈلدەك
ئادەم ،كىيىم ،قاچنى بىردەك
خىمىر بولۇپ چەيلنەر قەلبى
ئەرنىڭ سوغۇق قاراشلىردا .
غوكۇلدايدۇ كونا بۇس تارتقۇ
بوپ ۋۇجۇدنى سىققۇچى چالغۇ ،
پاراسەتنىڭ يالقۇنلۇق چوغى
توزۇپ كىتەر شۇنداق ئىشلارغا .

ئۇيغۇر كىتاب توربېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

بۇۋاق ئاتا بىر شانلىق ئەسىر ,
نەدە ئۆزگە ھاياتلىق ئىزى ؟
ئۇ تۇمارىس ئىدى ئەسلدە
قەيەرلەردە سۇندى قىلچى ؟
قاچانلاردا كەتتى يوقلىپ
ئۇ كۆتۈرگەن بايراق بەلگىسى
راھەت جەڭگاھ ،بىر گۈزەل ئارمان
غۇرۇرنى تاۋلاپ كۈنسىرى .
غۇرۇر ،ۋىجدان مۇقەددەس ئاتا
ھۆرلۈك ،ئەرك ئاتا قارار گاھ
ئاساۋ ھىسقا ئۇراتتى خەنجەر
ساپ دىل، ئەقل بولۇپ چىن ئاگاھ
ئەل ئارمنى ھەممدىن ئۇلۇغ
ئەل ئاھنى يۇتقان ئۇ ئاۋال
مىزان قلىپ باراۋارلىكنى
""باراۋار !..."" دەپ بولاتتى ئۇ لال .

ئۇ ئىزلگەن ئۇلۇغۋار مەنزىل
تارىخ ئۇچۇن بوپ قالدى سۇئال
ئۇ ئىزدىگەن ئادالەت قېنى ؟
رېئاللىقتۇر مۇجمەل سان ئوقى .
كىتاپتىلا تەڭلىك بەلگىسى "
باش ئەگمگەن تۇمارىس بولۇش
بۇ دەۋىرنىڭ ئارمنى ئەمەس .
بۇ دەۋپرىنىڭ ئارمنى قېنى ؟

ئافرا سياپ بولىسدى بۇۋاق ،
ئاقىلناتتى ئۇنىڭ ئۇمىدى
ئەپسۇس !
ۋەيرانلقتا ئالتۇن تاغ بۇ دەم
چىگرا سىرتىدا ئانا ساي بۇ دەم
چىقماس ئىدى دەل ئافسىراپ
كومراجۋا بولىسدى بۇۋاق ،
ئۆكۈنمەيتى ئۆمىردىن ئانا .
ئەپسۇس
كۇچادا كۆپ ئاخۇنۇم جىجىق
چىقماس ئەمدى خىرىستوس ،بۇددا
قاراڭغۇدا قايمۇققان ،ئازغان .
تېڭىرقاشتىن ،تالىقىغان ،ھارغان .
ئەرۋاھلارنىڭ روھىدا جان بولۇپ
چىقمىقى تەس يىتۈك پەيلاسوپ ،

ئۇ تۇغسمۇ ئەقىل -پاراسەت
تۇغالمايدۇ مۇكەممەل ئادەم
تۇغار پەقەت كۆرنۈشى ئادەم
ھارمايدىغان ماشىنۇرۇت دۇل دۇل
كومپيۇتېرغا سالغان ئۇچۇردەك
كۆنۈپكىدا كۆكلەر بىر ئوغۇل

قورۇلدۇ سەي پىچ-پىچ
تارام -تارام تامغان شام كەبى
ئۇ تاراملاپ تۆكشەر شۇنداق
ئەقلى ،زېھنى ،چىرايى كۆركى. .

پول سۇرتىدۇ ئۇھسىنىپ ئايال
قىزلقنى ئويلىنىپ رەت -رەت .
ئۇھسىنىشنىڭ تېگنى بىلمەس
بەختلىكلەر مۇنقەرىزلەردەك .
كىچە -كۈندۈز مۇنقەرىز ئەللەر
خوجايىنىنىڭ كۆزىگە قاراپ ,
تولدۇردۇ ئۆزىگە چۆنتەكنى
خۇشامەتلىك ھىجىيىش بىلەن
ھەسرتنى كۆلكگە ئوراپ.

لغىرلىغان كۆزلەرىدىكى ياش
گويا تۇندە بالقغان قۇياش
تۇندە ھەرگىز بالقماس قۇياش
ئۇمىد بىلەن يانغان ئۇ ئانا
بالا ۋەجى بولدۇ قۇياش !
ئۇ گوياكى كەچ بولماس شەھەر
ئىرۇسالىم ئەمەس بۇ قەشقەر
ھەسرەت بىلەن ئىزگۈلۈك نۇرى
تۈن كىچدە جىمىرلاپ تۇرغان
مەڭگۇ پۈتمەس ئاخىرسىز سەپەر .
مەدىكارنىڭ پۇلى قانچلىك ؟
ئاشپۇزۇلدا قالار نەچچە پۇل .
بالا بېقىش ،كىرچلىك قىلىش .....
(روھ كۆتۈرمەس بۇنداق خىيالنى )
لېكىن ،
ئىنكاسى يوق قۇرۇتتەك پېتراش
خۇشال قىلار كىمنى ۋە كىمنى ؟

پاراسلايدۇ كۆيگەن ئوت ۋۇجۇد

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى

قورۇلدۇ سەي پىچ-پىچ
تارام -تارام تامغان شام كەبى
ئۇ تاراملاپ تۆكشەر شۇنداق
ئەقلى ،زېهنى ،چىرايى كۆركى

پول سۇرتدۇ ئۇهسنىپ ئايال
قىزلىقنى ئويلىنىپ رەت -رەت .
ئۇهسىنشنىڭ تىگنى بىلمەس
بەختلىكلەر مۇنقەرىزلەردەك .
كىچە -كۈندۈز مۇنقەرىز ئەللەر
خوجايىننىڭ كۆزىگە قاراپ
تولدۇردۇ ئۆزىگە چۆنتەكنى
خۇشامەتلىك ھجىيش بىلەن
ھەسرتنى كۈلكگە ئوراپ .

لغىرلىغان كۆزلەرىدىكى ياش
گويا تۈندە بالقىغان قۇياش
تۈندە ھەرگىز بالقىماس قۇياش
ئۈمىد بىلەن يانغان ئۇ ئانا
بالا ۋەجى بولدۇ قۇياش!
ئۇ گوياكى كەچ بولماس شەھەر
ئىرۇسالىم ئەمەس بۇ قەشقەر
ھەسرەت بىلەن ئىزگۈلۈك نۇرى
تۈن كىچدە جىمىرلاپ تۇرغان
مەڭگۈ پۈتمەس ئاخىرسىز سەپەر .
مەدىكارنىڭ پۇلى قانچلىك ؟
ئاشپۇزۇلدا قالار نەچچە پۇل .
بالا بېقش ،كىرچلىك قىلىش........
(روھ كۆتۈرمەس بۇنداق خىيالنى )
لىكىن ،
ئىنكاسى يوق قۇرۇتتەك پىتراش
خۇشال قىلار كىمنى ۋە كىمنى ؟
بىر چاغ
ئۇ خوجايىن قىزلىق پەسلگە
پاراسەت ،روھ ،غورۇر ،قىممەتكە .
مەغرۇررانە ئېچىلغان گۈلدەك ،
ئۇ تونۇغان ئۈلۈغ تەڭرىنى
خىيالغا كىرەتتى نۇردەك
ئۈلۈغ روھنىڭ بۈيۈك پەرمانى
ئۇ تونۇغان گۈلدەك ئۆزىنى .
يىگىرمە تۆت سائەت.....

ئاھ ،يېگىرمە تۆت سائەت!
ملك تۆت يۈز مىنۇت .
ئۇنىڭ ئىلكىدە
بىلەتتى ئۇ ۋاقىت قەدىرىنى
ملك تۆت يۈز مىنۇت !
مىت تۆت يۈز تىللا
شاراقشىيتى كۈندە ئۇنىڭغا .
ئۆز-ئۆزىگە تەڭداشسىز سۇلتان
قىزىل-گۈلدەك كۈلەتتى مەغرۇر .
ئۆز خەلقىگە ھالاۋەت سۇنغان
ياپۇنىيە سەزگەندەك غورۇر.

ۋەتەن ئادەم غورۇرى .غورۇر-
توغالايدۇ ئۇتلۇق ئىستەكلەر
تۇغالايدۇ ئالدانماس روھ،تەن .
ئارمان ئۇچۇن باش ئەگمەس ۋىجدان
ئىشەنچ بىلەن تونۇپ ئۆزنى
يۈرىدىغۇ ئايال پادىشاھ
ئەنگلىيە زىمىنلىرىدا ،
چۈنكى غورۇر روھىغا سىڭگەن
ئىپىزلىگەن ئانىلار ئۇندا .
ئانىلارنىڭ روھى سۇنمىسا
دۆلەتلەرمۇ سۇنمايدۇ ھەتتا
ئانىلارنىڭ روھى سۇنمىسا
گۈلگە تولار ئالە، ئالەم
تۆكۈلدۇ ئېغىزلاردىن گۈل
مۇستەقىللىق يامرايدۇ ھەتتا .
بۇۋاقلارنىڭ گۈكىرلشىدىن
. ئانىلارنىڭ روھى سۇنمىسا

ئانىلارنىڭ روھىدۇر ئىلاھ
مەئىشەتتۇر سىرلىق ،ئۇلۇغلۇق .
كۆرۈپ باقىن :مالاي بىر ئانا
تۇغالامدۇ ھەق ئادىل بىر شاھ
تۇغالامدۇ يېڭىلمەس پالۋان ؟
تۇغالامدۇ ئۆتكۈر پەيلاسوپ ؟
تۇغار بەلكىم يىغلاڭغۇ شائىر
سولغان گۈلدەك ئۆڭگەن بۇ كەمدە .
بېشى پۈكلەنگەن زەھەرلىك يىلان
چاقالمايدۇ-دە يىرتقۇچ ھايۋان

سورىماڭلار بولدى ئانىلار
روھنى كىملەر بۇغۇزلىغان دەپ .
بۇغۇزلىغان ئۆزۈن بىر تارىخ
بۇغۇزلىغان ئۇنى ئوغلانىلار ،
جارھەتلىك قەلبى بار قىزلار ،
يوللىرىغا قان تولغان ئۇ روھ .
كۆيسۇن يۈرەك ،كۆيسۇن قەلبلەر
يېڭى تىرلگەن قېقنۇس كەبى
ئۆز شاھلىقنى تاپسۇن ئانىلار.

مانا ئۇ ئالالماس ئون مىنۇت ئۆتنە
ئۆز ھاياتىنىڭ ئىسلى بېتىدىن
دىلدىكى ئوتلۇق ئارمانلار
زىكىر بۇلۇپ چاچراتسا ئۇچقۇن
نېرراقتا تاشلاندۇق قەلەم
نۇر-زىيانى يىغالماس ئۆزى
نادامەت ،""ئۇھ !""..تۇغۇلار رەت-رەت ،
ئانا بولۇش نەقەدەر ئۇلۇغ!
ئاھ !
ئۇلۇغ دىمەك شۇنچىلىك ئاسان
كۆتۈرمەك تەس ئۇنىڭ ۋەزنى
ئانا بۇلۇپ باقمىغان ئىنسان
كۆتۈرەلمەس ،چۈشەنمەس بۇنى .

قەشقەرلىك ئايال-
ئۇ دەملەنگەن بىر پىيالە چاي
راھەتلىنىپ سۇمۇرسەڭ بىر پەس -
ئالام سىنىڭ بولدۇ گويا
تامشىپ تۇرۇپ ئالغاندا نەپەس .
ئايال
ئۇ ۋېلىسپىت سىنى ئۇچۇرۇپ .
تاش -داڭگالغا ئۆزى سوقۇلۇپ
مەنزىلگە چاپار دۆل-دۈلدەك .

ئۇ بىر ھاسا ،ئۇ بىر كۆز ئەينەك !
ئىشلەتسەڭمۇ ئۇنى بىر ئۆمۈر
دىيەلمەيسەن پۇتۇم،يا كۆزۈم .

ئۇ ئۆيلەردە تۇگمەس ئەتىر
يېنىپ تۇرغان تارام -تارام شام

خورتىدۇ ئۇنى شۇ ئۆكتۆر
ئۆي ئاتلنىپ تۇرغان بىر سۇئال
ئۆي ئاتلنىپ تۇرغان بىر سۇئال .

## باغرىم داغ
ئەھمەد زىيائى

نېچۈك كۆن ئەردىكىم كىرپىكلىرىك باغرىمغا سالدى داغ ،
چىرايىم سارغىيىپ بولدى خەزان ۋاقتىدىكى ياپراق .
تىلەر مەنكىم ۋىسالىڭ ئەيلەسۇن دەردىمگە بىر دەرمان ،
پىراقىڭ ئىچرە باغرىم تىترەمەدىكىن لاغ-لاغ .
گۇمان قىلغان ئىدىم ،كۆڭلۈمدىكى ئوتنى ئۆچۈرگەي ياش ،
تەئەججۈپ ،كوز ياشىم بولدى بۇ ئوتنى ياندۇرۇشقا ياغ .
ئۆزۈڭ دىلبەر جانسۇز ئىمىشسەن ئەي پەرى رۇخسار ،
ئۇمىدىم شۇلكى بولغىن چەشمەبەدلىرىدىن ئۇزاق ھەر ساغ .
تاكى بىر كۆن چۈشۈپ كۆڭلۈڭگە سويگۇ ئوتىدىن زەررە
ئەجەپ ئەرمەسكى بولساڭ بۇ زىيائىگە يېقىن بىر چاغ .

## ئۆزۈگۈم قوشىقى
تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

ئىلىخۇغا كەلگۈچە
نازۇك پۇتۇڭ تالدىمۇ ؟
دەشتى چۆلدە ساناقسىز .
ھەمرالىرىڭ قالدىمۇ ؟+

ئەرك ئۈچۈن قەد كىرىپ
باغلاندىمۇ بىلىكىڭ ؟
ئوچېقىدا زۇلمەتنىڭ
داغلاندىمۇ يۈرىكىڭ ؟'

تاغاق كۆرمەي ئالتە ئاي
چۇۋۇلدىمۇ چاچلىرىڭ ؟
چېچىكىنى قومۇشنىڭ

قىزارتتىمۇ قان -يېشىك ؟

ئامراق ھەدەم نۇزۇك ئاي ،
تاراپ قۇياي چېچىڭنى !
نۇرلىرىدا قۇياشنىڭ
سۇرتۇپ قوياي يېشىڭنى !


37-تەكلىماكان ------------------دىلمۇرات تەلئەت
38-شەيتان بار ..............................................ئابدۇللا سۇلايمان
39-كۇتۇش ....................................پەرھات ئىلياس
40-قايتۇرمىغىن رايىمنى دۇنيا ..........................بەگمەت يۇسۇپ
41-دەريا بىلەن سوھبەت ......................................ئىمىن ئەخمىدى
42-كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن ...............راھمانجان ئاۋۇت
43-يىلان ..................................................ئەركىن نۇر
45-چىمەنىستان .......................................چىمەنگۈل ئاۋۇت
46-مۇھەببەت كارىدۇرى ...............................ئومەر مۇھەممەتئىمىن
47-زىلالنامە ..........................................ياسىن زىلال
48-ئوت ئىزاھى ......................................شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگ
49-باياۋان ................................ئابدۇلئەھەت ئابدۇرېشىت بەرقى
50-ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،ھەققى ئايال ...........................ئايسىمە ئىدرىس




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەكلىماكان

دىلمۇرات تەلئەت

ئازابلىق ۋە لېكىن ياش تۆكمەس زېمىن،
ئۆچمىگەن ھاياتلىق سەندە ئەزەلدىن.
ياڭرايدۇ كولدۇرما كۆپۈك چۆللەردە
غۇۋا بىر ئەسلىمە بېرىپ قەدىمدىن.

شامالللار ئەۋجىدە بالقىيدۇ ئۆلۈم،
توغراقلار بەستىدە ئۈمىد ۋە كۆركەم.
كۆزلىرى چەكچەيگەن لەكمىك ئۆلۈكلەر،
قارىسام ئۇلارغا غەش بولۇر كۆڭلۈم.

مۈڭلىنىپ ئاقىدۇ قەدىمىي تارىم،
تەشۋىسلىك لوپنۇرغا توۋلار بېتىنىم:
قورقما ناتونۇش قوپال تۇرقىمدىن،
كۆچلۈك ئەل يۈرىكى مېنىڭ يۈرىكىم.

بۇ يەردىن كەچمىشتۇر بىپاك ئۆسكەلەر،
ھەم جەسۇر قەسەملەر ، تالماس تىلەكلەر.
تۆگىلەر ئۈن- تىنسىز، كۆزىگە زورلار،
تادان سودىگەرلەر پايدىنى كۆزلەر.

قىزىل چاچ ئالۋاستى تۇرار غەربتە،
قامچىسى تارىسلداپ تېگەر شەرققە
بەتلەنگەن ساناقسىز رەھىمسىز ياراغ
ئەركەكلىك ئۇرغىغان جەسۇر يۈرەككە.

قاراقچى كېمىدىن چىقىپ شەرقتە،
قىر- چاپقا باردى شەرقىي دىيار غەرىبكە.
قانلىق تون كىيگەنچە پاتتى كەچكى كۈن،
تەڭرىتاغ قارانچۇق بۇ قانسىز تەنگە.

سوقماقتا ئىزغىرىن يالىڭاچ جىسمىڭ،
ۋە لېكىن ئەزەلدىن يوقتۇر كىيىمىڭ.
تۈن كېچە ئۆزىچە خۇش بولۇپ كۈلەر،
سۆيۈپ شۇ گىرىمسىز، تۇزانلىق مەڭزىڭ.

غىلىلدار قۇم كىرگەن كۆزۈڭ ئايدىڭدا،
ياش تۆكەر تىنىمسىز قەلىمىم بۇندا.

يۇلتۇزلار ئىشەنچلىك كۆرۈپ، كەلگەندەك،
بولدۇ مەن يازغان تەكلىماكانغا.

## شەيتان بار

## ئابدۇللا سۇلايمان

گۈزەللىك ھەم رەزىللىك دەم ئېلىشماقتا ،ئارلىقتا شەيتان بار ،
گۇمانىم ،ھەر تەرەپكە تەڭلا چۇشكەن شۇ يارلىقتا شەيتان بار .

باھار كەلگەندە ئەمدىغىنە ،ئۇستىدىن جۇت -جۇدۇن باستى ،
قەلبنى مۇزلىتىپ نۇرنى ئۆتكۇزمەيدۇ ھېچ ،قارلىقتا شەيتان بار .

ئۆتۈپ توت كوچا دوقمۇشىدىن زور كارۋان ،ئوبدانلا قايرىلغان ،
قانچىسى ئۆز يولىدىن قالدى ،قاپچىغاي -تارلىقتا شەيتان بار .

تىپىلغان زور غەزىنە ،ئاختۇرۇپ كىرگەندە تىلسىماتتقا ،
يوقالدى ھەممىسى ئاخىر ،ئۆڭكۇردە -غارلىقتا شەيتان بار .

ئۇچقۇدا قوغلاپ ،بەخت ئامەت پەرىسى كەينىدىن قانچە ،
قانات قايرىلدىكىم ،كۆككە ئۇچقان سەپتە -شارلىقتا شەيتان بار .

كۇتۇشتىن تەلمۇرۇپ كۆزنىڭ يېغى ئاقتى ،كەلمىدى ئۇ جانان ،
تۇرۇپ  ئىككى تەرەپتە ،تەڭلا تارىتقان .اھ-زارلىقتا شەيتان بار .

شەيتان بولغان ئۇچۇنلا ھايات ئىنتىلىشچان ،شۇنچە تارتىشقاق ،
ھېچ قۇتۇلۇپ بولماس ئۇنىڭدىن ،يوقلۇقكى -بارلىقتا شەيتان بار .

## كۆتۈش
پەرھات ئىلياس

ئۇلۇغ ئېچىپ قويدۇم ئىشكنى ...
بەلكىم
كىرىپ كېلەر كىمدۇر بىر مېھمان .

يا بولمىسا يىراق جايدىكى
ئۇنتۇپ كەتكەن بىرەر دوستۇمدىن
كېلىپ قالار خەت .

دېرىزىدىن قاراپ تۇرىمەن ...
بىلىنەر ماڭا
قۇرۇپ كەتكەن قاقباش سۇۋادان
بوككىدە بىر ئورمانغا ئوخشاپ
كۆكلەيدىغاندەك
سىرغىپ ئاققان كىچىككىنە سۇ
بىردىنلا
ھېسسىياتلىق كۆپكۆك دېڭىزغا
ئايلىنىدىغاندەك .
سېلىپ قويدۇم تەبىرۇغا زەر تار ...
كېلىدۇ ئاماننىسا
ئۆيىمىزگە مېھمان بىر كۈنى .
يېقىپ قويدۇم يەنە بىر تال شام

قۇيۇپ قويدۇم بىر پىيالە مەي.
كىرىپ كېلىدۇ ناۋايى چوقۇم

بۇگۈن بولمىسىمۇ ئەتىگىچە
ئۆيىمىزگە شېئىر يازغىلى .

يەنە ياساپ قويدۇم موخۇركىنىمۇ ...
كۈتىمەنا ،كۈتىمەن شۇنداق

كەلمەيدىغان يالغانچى ۋىسال
بىچارە ئارمانلارنىڭ !
ئاچمىسىمۇ بىرىگە قۇچاق

شۇ بەختسىز كۈتۈشلىرىمدىن
بەختلىكمەن ،بەختلىك بىراق .

قايتۇرمىغىن رايىمنى دۇنيا
بەگمەت يۈسۈپ
قايتۇرمىغىن رايىمنى دۇنيا ،
پۈرسەت كەتسە ياشاش بەربىر .;
ئالەم ماڭا ،مەن ئالەمگە بىر ،
بۇ ھامانە ئىچىلغۇسى سىر .
ئاق چىچەكتەك توزۇپ كەتمەستە ،
قىلىۋالاي ئىشلىرىمنى مەن .
نەدىن كەلدىم ،كىتىمەن قايان ،
بىلىۋالاي ئىزلىرىمنى مەن .

بۇ ئۆمۈرنىڭ قىشى بار يېزى ،
ۋاز كەچمەيمەن ھالال ياشاشتىن .
قارا قىسمەت ،قارا كېچىدە ،
ئەنداز ئىلىپ نۇرلۇق قۇياشتىن .

دەريا بىلەن سۆھبەت
ئىمىن ئەخمىدى

چارچىمامسەن دىيدىم دەرياغا ،
دىدى؛ئۆلۈم توختاپ قالغىنىم .
خۇي -پەيلىمدە ھاردۇق ئىلىش يوق ،
جىم تۇرسامۇ سىسىيمەن شۇئان .
ھاياتلىقىم گويا ئاتقان ئوق ،
مىنىڭ ئۈچۈن ئىغىر ھاقارەت ،
ئادەملەرگە ئوخشاپ قالغىنىم ...

قىرىمامسەن دىدىم دەرياغا ،
دىدى؛ياشلىق يەردىن ئالغىنىم .
ھەر تىنىقتا ئالەمچە شوخلۇق ،
نەگە بارسام شۇندا مۆھەببەت .
بۇ مەندىكى يەككە ئۇلۇغلۇق ،
ياشارتىدۇ مىنى ھەر نەپەس
قىرغاقلارنىڭ لېۋىنى سۆيۈپ

دالىلارغا گىرە سالغىنىم .
ئۇسسىمامسەن دىدىم دەرياغا ،
دىدى؛قىزلار ئىچسە بىر يۇتۇم ،
ياش باللار يالىڭاچ بولۇپ -
بىلىق كەبى ئۈزىنسا مەندە .
يە ئېتىزدا يىيىلىپ ئاقسام !
ئاشۇ ئارام ،ئاشۇ قانغىنىم .
توڭلىمامسەن دىدىم دەرياغا ،
دىدى؛تۇرغان -پۈتكىنىم بىر ئوت .
قاتقان مۇزلار باھار لىباسى
يازدىن بەكرەك قىشتا قىزىيمەن،
گۈل -گىياھنىڭ سېغىنىشلىرى ،
يالقۇنۇمدىن ياسايدۇ ئەگىز .
ھەممە ئىشقىم قىيان ئىچىدە ،
شارىلدىشىم كۆيۈپ يانغىنىم .

## كىچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن

راھمانجان ئاۋۇت

ئۆتتى سەندە سەبىي چاغلىرىم
گۈلگە تولدى سەندە باغلىرىم.
ئىزىلسە دەرت ئەلەمدىن باغرىم،
كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن.
مەيلى خۇۋلۇق كۆرمەي سىنىڭدە،
بىھۇدە دەرىت تارتاي سىنىڭدە .
ئەجەل شارابى ئىچەي سىنىڭدە،
كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن.

راھەت كۆرمەي قالاي جاپادا،
مەيلى سەرسان بۇلاي تالادا.
مەيلى دۇچار بولسام بالاغا،
كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن.
توختار سەندە ئاخىرقى نەپەس ،
ئۆزگە يۇرتقا قىلمايمەن ھەۋەس.
ئۆز ئىلىدىن كەچكەن ئەر ئەمەس ،
كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يالان

### ئەركىن نۇر

مەنمۇ ھەم بىلمەيمەن يالانلارنى سىنىڭدەك
بەلكىم، ھازىرقى يالانىنىڭ ئەجدادى شەيتاندۇر ئەسلى ,
ئېزىقتۇرغان ھاۋا ئانىنى
قۇلىقىغا نازۇك شىۋىرلاپ
چەكلەنگەن مىۋىنى ھاياتلىق مىۋىسى قورقماي يېگىن، دەپ
ئاشكارىلىغان تەڭرىنىڭ ھىيلىسىنى
يالان ئېزىتقۇ
ئۇ باشلايدۇ بىزنى ھايات ئېچىگە
ھەقىقەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئۆڭكۈرلىرى، رەزىللىكلەرگە
بەلكىم، ھازىرقى يالانىنىڭ ئەجدادى پەرىشتە ئەسلى
قۇتقازغان توپاندىن نوھنى، كېمىنى
تېشىلىپ ئەبجىقى چىققاندا كېمە
نىقتاپ كىرىپ تۆشۈككە مەھكەم
ھالال - ھارام، ئەركەك - چىشى جانلىقلارنى-- ھاياتنى
ھالاكەتنىڭ گىرۋىكىدىن قۇتقازغان تامام

يالان تەڭرى
ئۇ يارىتىدۇ بىزنى قايتىدىن ;
خارابىدە يېڭى ھايات قوينىغا

بەلكىم، ھازىرقى يالانىنىڭ ئەجدادى قاناتلىق ئەسلى
تۆشۈكلەرگە -- ھالاكەتنىڭ زۇلمىتىگە ئامراق بولغاچ، ۋەتەن قىلغاچقا;
قىستالغ، چوڭقۇر تۆشۈكلەرگە كىرەر چېغىدا
قاناتلىرى، ھەتتا پۇتلىرى پاتماي قالغاندۇر سۇنۇپ...

يالان مايقوڭغۇزى
ئۇ قوپقۇرۇق، زۇلمەت باسقان تېنىمىزنىڭ چوڭقۇرلىقىدا#
قۇياش كەبى يورۇتقانچە ئېچىمىزنى سويلاپ بارار مەڭگۈگە
بەلكىم، ھازىرقى يالانىنىڭ ئەجدادى روھتۇر شەكلىسىز
يىرگىنىپ بىزلەردىن
سۇغۇرلۇپ چىققانچە يىراق - يىراقتا
ئادىمىزات ئاياق باسماس چۆللىكلەرنى قىلغاندۇ ماكان

تەنھالىقنى دەرەخ كەبى باغاشلاپ
يىلان بوۋىلارنىڭ ئەرۋاھى
قولدىن بېرىپ قويغان جەننەتنى
ئۇ قوغدايدۇ شۇڭا ھاياتلىقنىڭ تىلسىم بۇلاقلىرىنى باغرىغا بېسىپ
(ياتلارغا ئەجەللىك زەھرىنى چېچىپ)
بەلكىم ھازىرقى يىلاننىڭ ئەجدادى مۆڭگۈزلۈك بۇقا
يەتتە قات يەر تېگىدە جاھاننى تۇرغان كۆتىرىپ
بۇزغۇنچى ئىنساننىڭ گۇناھى كەتكەچ ئېغىرلاپ
كۆتۈرەلمەي سونۇپ كەتكەن مۆڭگۈزى
ئۇرۇقلىغان، سۇنۇپ كەتكەن پۇتى، سۆڭكى.
ۋە زېمىننىڭ ئاستىغا قالغان كۆمۈلۈپ...
ئۆمۈلەپ چىققاندۇ ئۇ زېمىنگە تۆشۈكلەر تېشىپ
يىگىننىڭ كۆزىدەك تۆشۈكمۇ بەرگەچ ئاڭا نىجاتلىق -- ھايات
تۆشۈكلەرگە ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە تىۋىنىدىغاندۇ
يىلان تەندۇر يالىڭاچلانغان
ۋە ياكى بىر ئەزادۇر، تەننىڭ مۇھىم بىر قىسمى
بىراقكى، ئۇ خالىمىغاچ ئەنجۇر ياپرىقىدىن كىيىم كىيىشنى
نومۇس قىلىپ نومۇسچان ئادىمىزاتتىن
ئايرىلىپ چىققاندۇر تەركى دۇنيا بولۇپ
ھەم شۇڭا ياشايدىغاندۇ كىيىمسىمان تېرىسىنى سىلىپ
ئۆزلۈكسىز
يىلاننىڭ تۇخۇمى شىپادۇر بىزگە
ۋە لېكىن قۇرىماقتا يىلان تۇخۇمى
مەدەنىيەتنىڭ بىپايان چۆللىكلىرىدە

سەن ئەمدى سورىساڭ يىلان نېمە دەپ
مەنمۇ ھەم بىلمەيمەن يىلانلارنى سىنىڭدەك...

## چىمەنستان

## چىمەنگۇل ئاۋۇت

ئىشقىمنى تۆكمەن قۇشلار ۋەسلىگە ،
ئوت بولۇپ يانساڭمۇ باغرىمدا تىمتاس .
كۆزۈمدە ھەسرەت بار پەقەت بىر ئوتلام ،
ئاھ ، بۇنى ھېچكىممۇ قىلمايدۇ قىياس .

يۇلۇنغان چېچىمدا تۈننىڭ نالىسى ،
كۆممەن تۇپراققا چېچەكلىرىمنى .
يالاڭياق پۇتۇمغا ئۇمىدىم تىكەن ،
يىرتىمەن قار رەڭلىك ئىستەكلىرىمنى .

قانغان لېۋىمدە ئىسسىق بىر قىيان ،
تاشالماي مېھرىمگە سىڭىدۇ تەكرار .
تەبىئەت مۇڭىنى يالمايدۇ تاتلىق ،

ئىشكىم تۈۋىدە قۇرىغان چىنار.
بۇ تونۇش كوچىدىن تۆتتۆۋاتقىنىمدا چۆچۈك بىر ئاۋاز يۈرىكىمگە ئۇرۇلدى :
_ چىمەن ، ساڭا نېمە بولدى
_ سېنىڭ دەردىڭنى ناخشا قىلىپ ئېيتىۋاتىمەن ناتىۋانىم .
_ ئۆزۈڭنىڭ دەردىنى ناخشا قىلىپ ئېيتالىغۇدەك جاندار بارمىدۇ بۇ دۇنيادا ؟ ! ئۇنىڭغا ئۇنسىز قاراپ قويدۇم .

يىپتەك چىگىش خىياللىرىمنى ،
دەپ بەرگۈم بار پەقەت ساڭىلا ،
پۆچۈق ئالما يەپ ئولتۇرغان قىز .
چاچلىرىڭنىڭ ئۆرۈملىرىنى
چۈۋۈۋەتسەڭ ئوخشايسەن ماڭا ،
قوپ كېتەيلى يىراقلارغا بىز !
بۇدرۇقىنە بارماقلىرىڭنى
مېڭىۋەرگىن يوللاردا شۇملۇپ ،
سۈرتۈۋەتمە كۆز يېشىڭنىمۇ .
سېۋەتتىكى ئارمانلىرىڭنى
ئاۋايلىغىن قالمىسۇن چۇشۇپ ،
قىقشتۇرما كۆينىكىڭنىمۇ .
ئەشۇ نەمخۇش كىرپىكلىرىڭنى
چەكسىز ئارمان تۇرغاندۇ كۈتۈپ ،
يوشۇرمىغىن شوخلۇقىڭنىمۇ .
_ ھەرقانچە قىلىپمۇ سېنى ئەقىللىق ئادەملەر قاتارىغا قويالمىدىم . لېكىن سەن نۇرغۇن ئەقىللىقلەرگە باققاندا تېخىمۇ مەنىلىك ئادەم .
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بار ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم .

شور دەريا ئاقىدۇ ئالدىمدا مەغرۇر ،
ئۇمىدنى كەچكەندەك كېچمەن ئۇنى .
سۆزىمەن باغرىدىن مەختۇمسۇلانىڭ ،
تارىختەك ئۇزۇن ھەم قارا چېچىنى .
كاككۇكنىڭ پىغانى يامراپ يىراقتا ،
ھىجرانىنىڭ قەدرىدىن ئېچىلدۇرار گۈل .
قان بولدى نىمىشقا ئۇنىنىڭ يېشى ،
گۈل بولۇپ ئېچىلماس نىمىشقا كۆڭۈل ؟

ئېپارخان پۈرىغان جىگدە چېچىكى ،
تۇزىدى قاياقتا ، قاچان ، قەيەردە ؟
نۇزۇگۇم يولۇقمىدى قومۇشلۇق ئارا ،
نىمىشقا ئېپ قاچقۇدەك مەردانە ئەرگە ؟

گۈرۇستانلىقتەك كىچىككىنە بۇ جايدا ، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن مەۋجۇتلۇقىمنى ھېس قىلىپ ئوتىمەن . تاشقى كۆرۈنۈشۈمدىن شۇ قەدەر پەرۋاسىز ، سۆيۈملۈكمەن . لېكىن روھىي دۇنيارىم قانزەرداپقا ، ئاق كۆڭۈللۈككە تولغان ، ھازىر كىملەردىندۇر قىساس ئالغۇم كېلىدۇ .
قۇياشتەك نۇرلىنىپ بىلەيچى بوۋاي ،

يول ئالدى يانتۇلغان تاشلىقتا تەكرار .
چۈمۈلە يېنىدىنمۇ ئۆتتى ئاۋايلاپ ، .
بەرگۈسى كەلمىگەندەك ئۇنىڭغا ئازار .
سۆزلەيدۇ ئۆزىگە : << يەتتە قىزىنىڭ
ئۆمرىنى ، بەختىنى كەم قىلما خۇدا >> .
سېرىقتال ھاياتىنىڭ گەردىشى بىلەن
مەڭگۈلۈك بۇرچۇمنى قىلاي مەن ئادا .
تاغلاردىن تاش يۇنۇپ شۇنچە ئۇزان يىل ،
ياشىدىم ، قېرىدىم شۇ قەدەر تېمەن .
بىر بۇردا رىسقىمنى تاپتىم جاپادا ،
يۆلىدى مومىيىم پاك روھى بىلەن .
ئوخشىماس ئەركەكلەر ياشلىق چېغىمغا ،
ھەتتا سۇ تالىشىشقىمۇ بارمايدۇ رايى .
خوتۇن تالىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ھەي . . .
ئوتىغا بولارمىش بالا گۇناھى >> .

تومۇرلىرىم چىڭقىلىپ ، پۇخادىن چىققۇدەك يىغلىۋالغۇم كەلدى . شۇنداق تەبىئىي ھەم تېز ئاينىۋاتقان تۇيغۇلىرىمغا بوغۇلۇپ ئىچىمدە نېمىلەرنىدۇر شۇۋىرلىدىم : '

تېرەكلەر ئۇنتۇنسىز سويۇلدى قاتقات ، .
قۇمساڭغۇ ئېرىققا يىقىلدى بىرسى .
قۇشقاچنىڭ تەشۋىشى ئۆچتى جىممىدە ،
قوۋزاقلار ئارىسىدا يامغۇر يىپلىمى .

پاتقاقنىڭ مېھرىنى سەزدى يۇرىكىم ،
ئايدىڭدەك ئاق رەڭگە چىلىشىپ قالدىم .
بەختىمنى ئالاي دەپ باغرىڭدىن جېنىم ،
مەن يەنە بىر ئوتلام ھەسرەتنى ئالدىم .

جاسارەت چەيلەندى ئالقانلىرىمدا ،
ھەسرەتنىڭ ئورنىدا ئۇرمىدىڭ قىلىچ .
ئەركەكلەر جەھلىدىن تاغنى پۈكمىسە ،
ياشىغۇم يوق مېنىڭ بىر ئۆمۈر تىنچ .
ۋۇجۇدۇڭدىكى چوغنى تۇتقاندەك بولۇۋاتىمەن ئەزىزىم ، كەل بىردەم مۇڭدىشايلى . . .

ئوق يانى سۇندۇرۇپ ئوغۇللىرىغا ،
بەرگەن بىر ئاتا بار ئوغۇزدۇر ئىتى .
رىۋايەت قەلئەسىگە ئېپ چىقاي سېنى ،
ئاي بىلەن يۇلتۇزمۇ ئەرنىڭ قاناتى .
جاراھەت مەلھىمىگە يۈرىكىڭنى سىق ،
ئانارنىڭ سۈيىدەك ئىچەي قانغۇچە .
سالام ئېيت چىمەنىم ، ئۇچرىتىپ قالساڭ ،
مەن مىنگەن تۇلپارنى ئەگەر يانغۇچە .

كېتىۋاتىمىز . . . كۆز ياپراقلىرى تۆكۈۋاتقان قىسمەتلەرگە دەسسەپ كېتىۋاتىمىز . . . شۇ ئارىدا غايىپتىن يىنىك بىر سادا ئاڭلاندى :

_ ئايىيۇھاننىاس ! چاقۇ پەلەكمۇ بۇنداق ئايلانماس . . . ! سىيت نوچىنى تۇتقان چىرىك بىلەن سادىر ئاتقان چىرىكلەر خۇدانىڭ دەرگاھىدا ئۇچراشتى . دوزاق قىزىل گۈلدەك كۆيۈشكە باشلىدى ، جەننەتۇل رىزۋان ئانىلارنىڭ كۆز يېشىدەك ئېقىشقا باشلىدى . :

ئېزىلدى يۈرىكىم باستى ۋەھىمە ،
باغرىمغا باش قويۇپ يىغلىۋال بوتام .
ئازابقا ئايلاندى گۈلنىڭ پۇرىقى ،
يىغمىدىن بولىۋال ئۇزۈك بىر تۇتام . .

كىرىشكەن چىشلىرىم ، چۈۋۈلغان چاچلىرىمغا قاراپ ئالدىمدىكى ئەينەكنى زەرب بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتتىم .
بۇدۇنە تۇخۇمىدەك ئىللىق ئەسلىمە ،
بورانلىق دەملەردىن يۇلقۇندى يۇمران .
جىنىمغا يىلاندەك چىرماشقىن مەيلى ،
ئىھ ، سىنىك غېرىبلىقىڭنى قىلغۇم بار گۇمران . ,

تىترەڭگۈ ئاۋازىڭ قايىنار قېنىمدا ،
كۆزۈڭگە قاراشقا يەتمىدى قۇربىم .
<< تۇمەن >>نىڭ سۈيىنى پاكلىدى ئەزان ،
مەن ئۇچۇن كۈلۈپ باق ئەمدى يالغۇزۇم .
_ مەن ئوپېراتسىيەدىن يېڭىلا چىققان ئايالنىڭ ئۇتىدىن ئالغان تاشنى كۆرۈۋالغان ، ئۇ شۇنداق سىلىق ھەم گۈزەل ئىدى . ئادەم تېنىدە مۇشۇنداق بىر تاشنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەنىدەك ساڭا بولغان ھېسسىياتىمنىڭ قاچاندىن بېرى شەكىللەنگەنلىكىنى ھەرگىز ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن .
قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆچلۈك بىر ھاياجاندىن جۇغۇلداپ كەتتىم كەپتەر ، ئاق ئۇجمە ، ئاپپاق بىر كېچە ،
سەن تونۇش ھېسلىرىمغا بولماقتا گۇۋاھ .
رىئاللىق چېقىلدى چاقماق ۋەسلىدە ،
مەڭگۈلۈك ئىستەكتە غالجىردۇر زېمىن .
مەيلى سۆي ، ئۇنۇتقىن رازىمەن سەندىن ،
قويۇۋەت بىمالال كەڭلىكلىرىڭگە ،
قىياندەك يامرايمەن شۇ قەدەر ئەركىن .
قەلب ئېتىزىمنى قالمايمەن قىرغىن . . .

ئىشكتىن چىقتىم ، يەنە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى .

# مۇھەببەت كارىدۇرى

## ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

1

ئوڭدا ياتقىنىچە سۇمۇرۇپ كۈننى
ئۆۋۈلۈپ كەتكەن ئايلى تېنىدەك
ئىككى يۈرەتقا ھىجران تىپرار قۇم ..
ئارىسىدا بىر يول
ئەتىراپى قۇم بىلەن ياسالغان تۇلۇم .
پىشىللىق چالا ،چۆللۈكتە پۈتۈن ،
بۇندا ئوت كۆرۈنمەس ،كۆرۈنمەس تۈتۈن ...
سەن كېلەتتىڭ شۇ يولدا
ئوت قويۇپ ،
ئىس چىقىرىپ ،
كۆزلىرىڭ بىلەن
يۈرىكىمگە ياساپ بىر چاڭگا .
مەن كېلەتتىم شۇمۇپ ئىسمىڭنى
روھىمدەك چۆل يولدا دۇنيادەك تەنھا .
ماڭدۇقا - ماڭدۇق
يەرنىڭ قوۋۇرغىسىنى
تىترەتكۈدەك بولغىچىلىك قەدەملەر
ئۆتۈپ كەتتى يىگىرمە توت يىل ...
تېنەپ يۈرگەن ئوغۇزخانغا ,
ئۇچرىغاندەك كۆك يايلىق بۆرە
قىسمەت ئاتلىق تامنىڭ كەينىدىن
مارلاپ قالدى بىر كارىدۇر ؛
-سائىتى كەلدى ،سائىتى كەلدى !!
سائەت ئىچىدىن
چىقتى بىر قىز ،چىقىپ كەلدىڭ سەن ...

2

بۇ ئاشۇنداق كارىدۇر ;
ئۇندا ھاياتتىكى قىرماس ھۇزۇر .
بۇ كارىدۇرغا ;
سەن پاتسەن :
مەن پاتمەن :
پاتىدۇ جاھان ..

www.uyghurkitap.com

سەن كىرىسەن
مەن كىرىمەن
كىرىدۇ ئارمان .
بۇ بىر كارىدۇر
پاتار ئاڭا ئاينۇر دىگەن قان ,
پاتار ئاڭا ئۆمەر دىگەن جان ...
قان
شەپەق
قىزىل رەڭ ...
قۇياش سۇغۇرلۇپ چىقار كېچىدىن
تاغ بىلەن كۆك تۇتاشقان بىر يەر
قاناپ كىتەر شۇنچە چىرايلىق

پاتار قۇياش بىشىچىلاپ كېچىگە .
قۇياش پاتقان يەر "
قاناپ كېتەر -
قىزىل رەڭگە تولۇپ لىپمۇ لىق

بۇ بىر كارىدۇر
تۇغۇلىدۇ قىزىل رەڭدىن قىز .
قىزدىن قىزىللىق ...
يوپيورۇقتۇر كارىدۇر :
ئۆمۈر گۈگۈمدا پەرۋازدا سۇمرۇغ
ۋاپا ئەمگەن جۈپ كۆڭۈل رەڭگى
لەيلىدىتەر جۈپ باشتا جۈپ تۇغ
تاغدا بۇلاق ،ئاسماندا چىقىن
كارىدۇردا ئۈزۈلمەس ئېقىن
ۋاپا ،سۆيگۈ ئۇندا ئاققىنى
بۇندا بىر جۈپ كۆڭۈل ئەڭ يېقىن

كارىدۇردا بىر دوسك
چاقنار پەقەت ئاينۇر دىگەن سۆز
يانار پەقەت ئۆمەر دېگەن كۆز

**ئوت ئىزاھى**

**شاھىپ ئابدۇسالام**
ناخشامنىڭ سۆزۈك ئەۋجىدە ئۇچراتتىم سىنى
روھىم بەرقىدە چېچەكلىگەن ئەي ئاتەشگاھ)
تەشۋىش ئىچرە تەشۋىشكىنى تەشۋىشمىدىن كۆز

هاياتنىڭ يەنە بىر يۈزىدە
ئارمانىمغا هاپاشلانغان قانداق چۈقان ئۇ
بىز ئۆلۈم دەشتىدە ئوينالغان بىر مەيدان ئۇسۇل
ئىخلاسىم تۇۋىدە چېچەكلىگەن جەرەن كۆز رەنا
پەسىللەرنىڭ سۇنغان نۇرىدا
شاھادەت قىلدىم روھىڭ بۇرجىدا بىر ساڭا
چۆچەكنىڭنى چۆچەكمدە كۆرگەنسەن بۇ ئان
سۈزۈۋالاي سەھرىمنى سەھرىڭدىن ئەي
بىر ناخشا بار پەقەت بىر ناخشا
يالقۇندا تاج ئېرۇر تاجلىق يۈرىكىڭ
پۇشايمانىم تۇتىگەن ئاخشام
ئۇچراتتىم
پۇشايماندا ئېرىگەن پۇشايمانىڭنى
كۆزۈڭگە ئۇۋا سالغان پەرىشان جۈملە
كۆيىمەكتە كۆيگەن قۇياشنىڭ كۆيگەن چۈشىدە
تېنىمدە مەست بولغان سابانى كۆردۈم
جىنايەتلىك ئاڭنىڭ شېخىدا سەن
نەبىلەر سۈكۈناتىدا ئۇچراتتىم ئەي يارەب
ئۆز ئۆزىدە پارچىلانغان جىنسىيەتنى
چۆل
لەۋ ئۇرار قۇم دانىچىسىدا قۇمدەك باياۋان
سەن مېنىڭ باياۋانىم كارۋان قايمۇققان
كەلتۈر بىر كاسە ئۆز ئۆزۈمدىن تاشاي شامالدەك
بىز شامال بولۇپ يارالغان شامال جىملىقىدا
ئەگەشكەن ساڭا ئۇ سايە چارلاشتا مېنى.
دارىڭدا ئوينايمەن هاياتنى تىمتاس
قان ئېچرە مېنى پۈرىۋاتقان ئۇشبۇ لىرىكاڭ
يامغۇردەك يىغىۋاتقان سايە قورشاۋىدا,
ئايلانغاندۇ ساڭا يا ماڭا,
ئايلىنىشتىن تىرىۋالدۇق تۈن بارمىقىغا
تاقىغان كېچە ئۆزىكنى ئەھدىمىزدىن
پىغانىمنى چىلاپ قويدۇم پىغانىڭغا ئەي
يارىلىش يىلنامامىدا
سۆڭىكىمگە ئويۇپ كەلدىم سۆرتىكنى جان
شۇ قەدەر يەڭگىل قونىۋاتقان زاۋال
سۈمۈرمەكتە مېنى مەندىن;
سۈمۈرمەكتە سېنى سەندىن
چۈشمىزنى قايتۇرۇپ بىرىڭلار چۈش سۇلالىسى
چۈشمىزنى چۈشمىزدە سۆيگەن ئىدۇق قان
موخۇركاڭغا ئورىۋالغىن مېنى دەپسەن پاھ
كەل
ئارمانىڭنى چېكەي بىر نەپەس
تاغلاردىن ئۆركىۋاتقان سۇئاللار بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

تاغلاردىن ئۇركىۋاتقان مارالىلار بىزنىڭ
بىز ئۇركۇش پەسلىدە ئۇركۇشكە ئايلانغان ئۇركۇش
سادايىمىزدا
يىقىلغان راۋاقنىڭ باردۇر ناۋاسى
ناخشىمىزنى ئاڭلىغان تۇنجى رەت كىمسەن
خەنجەرلەنگەن يۈرەك ئاشۇنداق لەۋەن

**باياۋان**

**ئابدۇلئەھەت ئابدۇرېشىت بەرقى**

1

چېقىلارمەن تاك قىلىپ چەكسەڭ،

جامالىڭنى كۆرستەر ئەمما

تولۇق قىلىپ ھەر بىر سۇنۇقۇم. ^

ئەگەر ماڭا قىلماق بولساڭ سۆز

ئېغىزىڭ ھېچ مىدىرلىمىسمۇ

نېمە دېمەكچىسەن
ئاڭلاپ بولار ھەممىنى قۇلۇقۇم.
كېلەر بولساڭ )

كېلىشىنى ھەم قىلساڭ خىيال،

يۈرىكىم
بولار دەرھال يولغا ئايلىنىپ. `
كۆرۈشۈشنى ئىستەيمەن
كەلمەيسەن ئەمما. !
سۆيۈشنى ئىستەيمەن
سۆيمەيسەن ئەمما.

2

قانچىنچى ئادەممەن بۇ ئالەمدە،

تۇغۇلغان يەنە قانچىنچى بولۇپ؟
بىلمەيمەن كۆكسۇمدىكى
شۇ كىچىك يۈرەك

قاچان قالدى

بۇ ئۇلۇغ ئوتلارغا تولۇپ.

تىكىلمەن ئۇزاقتىن ئۇزاق
ئۆزۈم بىلمىگەن خىيالىمدىكى بىر يولغا.

شۇ يولدا كېلەر
يۈرىكىمدىكى ئوتنىڭ تىلىنى ئۇققۇچى.

تەنلىرى گۆش، بىزگە ئوخشاش
بىر ئادەم تۇرۇپ

شۇ ئوتلارنى يۇتۇپ ئۆتكۈچى. ;

دېيەلمىگەن گەپلىرىم تولا،

سورىسا بىرەرى دېمەيمەن ئەمما.
ماڭمىغان يوللىرىم تولا،

ماڭ دېسە بىرەرى ماڭمايمەن ئەمما.
ئىچىلمىغان سىرلارنىڭ ئىچىلمىغىنى خوپ،
كېيىن

ئۆلۈمنىڭ تۈنجى كېچىسى،
چۈشەندۈرگەي مېنى، يۈرىكىمنى
شۇ دېيىلمىگەن گەپ
شۇ ماڭمىغان يول
ئورنىدىن تۇرۇپ.

سالام خەتلىرىڭنى كۆيدۈرمەكچى ئىدىم، )

خەتلىرىڭ كۆيدۈردى ۋە لېكىن مېنى.

كۆل قىلدى كۆز يېشىڭ مەغرۇرلىقمنى،

ئاھلىرىڭ ئۆلتۈردى بۇ يۈرىكىمنى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئۆزۈمنى كۆيدۈردۈم، ئۆزۈمنى خالاس،
خىيالىمدا سەن يەنە غالىپ.

سېغىنىشىم كۆكتە شاھسەن

مېنى قىيناپ تۇرغان شۇنچە ئاجايىپ.

1995- يىل 30 - مارت ئۈرۈمچى

.

## ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،ھەقىقى ئايال

ئايىسمە ئىدرىس

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،
ھەقىقى ئايال .
ئۆزۈن ئۆرۈم چاچلىرىم بىلەن
چىمەن دوپپا كەيسەم چىرايلىق ،
ئامانىنساخان ،نۇزۇگۇم ،
رابىيەلەر كەيگەن كىيىمنى
كىيىپ باقسام ئۇيغۇرغا لايىق .
جىلۋىلەنسە ئوسما قېشىمدا ،
يېلىم ئوماق كۈلسە چېچىمدا ،
چاچ تەڭگىلەر جىرىڭلاتسام ،
نازاكەتلىك سۆزلەر ئاچسام ،
قوشاقلار تۆكۈلسە لېۋىمدىن ،
داستانلار پۈتۈلسە تىلىمدىن .
تەھسىل قىلسام قانغۇچە ئېلىم ،
مۇزىكىغا لىق تولسا دىلىم .
تارىخ بىلەن چىلك چىرمىشىپ ،
تاپمىسام مەڭگۈ تىنىم .
ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،
ھەقىقى ئايال .
تاختا -نوغۇچ كۈلسە مەن بىلەن ،
قازان -قۇمۇچ كۈلسە مەن بىلەن ،
تەملىك بولۇپ ئوخشىسا تاماق ،
ئوماقىنا باللىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ ،
مەيلى ئىدى ،چامغۇر يۇلسامۇ ،

تۇزۇم كەملىسا ،
قوشنىلاردىن سورىسام ئازراق .
ھەققىگە
سۇنۇپ بەرسەم بىر قاچا تاماق .
ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاش .
ئىللىققىنا بولغانچە ئاداش ،
«ئايالىم ئەجەپ كۆيۈمچان »دەپ
ئېرىم قەلبىنى كويىدۇرسە ،
مەيلى ئىدى ،
جاپالاردىن تۆكسەم ياش .
«ئانا ئاش ،
ئانا ئاش ...»
«تۇزى سەل كەم ،
تىتېتۇ ئوتياش ».
ئەھ،سۆيۈملۈك ،سويۈملۈك
سۆزلەر ،
ئايالىقىمنى تۇنۇتقان سۆزلەر .
مۇھەببەتكە باشلىغان سۆزلەر
يۈرەكلەرنى ياشناتقان سۆزلەر ...
ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،
ھەققى ئايال .
ئوغۇز سۈتى بىلەن ئوغلۇمنى ،
كۆچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرۇش راھەت ،
تامشىپ-تامشىپ ئەمسە سۈتۈمنى ،
ساپ-ساق ئىككى يىل ،
ئۇ مەن ئۈچۈن بەخت ھەم ئامەت .
ئانا سۈتى ئۇلۇغ مۇقەددەس ،
ئۇ بالىنى قىلار زەبەردەس .
ئانا ئۈچۈن بالا ئېمىتىش
ئۇ بىر پەرز،ئۇ بىر پەرز بەس!...
پەرزلەرنىڭ ۋەزنى بەك ئىغىر ،
ئۇ پەرزەنتنىڭ ھەققى -داۋاسى .
پەرزەنت بىلەن ئاتىلار «ئانا »،
«ئانا ئۇلۇغ ئىنسان رەناسى ».
ئاق سۈت ھالال ،ھالال سۈتۈمدە ،
ئەقىل بەرسەم ،كۈچ -قۇۋۋەت بەرسەم ،
ئەدەپ -ئەخلاق ئۇرۇقلىرىنى ،
ئاق سۈت بىلەن قەلبىگە تەرسەم ،
قىزىم بولسا شەرم -ھايالىق ،
ئوغلۇم بولسا ،باتۇر ،مەنالىق ،
«ئانا» دىگەن سۆزگە مۇناسىپ ،
بولالىسام چىقاتتى ھاردۇق .
ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقى ئايال .
چولپان بىلەن بەسلىشىپ ،
سەھەر تۇرسام بەك سەھەر ،
ھويلا-ئارام ئۆيلەرنى ،
تازلىسام تېز-چەپەر .
تەييارلىسام قىزىق چاي ،
ئىچسەك بىللە ئولتۇرۇپ ،
قوپالمىسا بالىلىرىم ،
ئويغاتسام مەن كۈلدۈرۈپ ،
گەر چىقمىسا دادىسى ،
ئويىنالماي ئۆيقۇدىن ،
ئاستا كىرسەم يېنىغا ،
پىچىرلىسام بەك شېرىن :
«تاڭ ئاتمىسا يېنىمدا
ئۇنلىسالڭ ئەي ئامرىغىم ،
سەھەر تۇرۇپ بۈگۈنمۇ ،
ئىشلەپسەن-دە بىتىنىم .
جاپا تارتتىڭ بىز ئۈچۈن ،
رەنجىمىگىن قىلچىمۇ ،
مەن ھازىر چىقمەن ،
سوۋۇغىچە چېيىمۇ ».
جاپا نېمە بىلىنمەس ،
يۈرەك تولۇپ سۆيگۈگە ،
ئىشقا ماڭسا ھەممىسى
ئۇزاتسام مەن ئىشىكتە .
ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،
ھەقىقى ئايال .
ئاي كۈلگەندە ئاسماندا ،
چۆچەكلىرىم باشلانسا ،
يۇلتۇزلارنىڭ سىرىغا ،
پەرزەنتلىرىم ئاتلانسا ،
ئۇچۇپ كەلسە پەرىشتە ،
بەخت گۈلى تەرگىلى ،
«ئالتۇن كەش»نى قىزىمىز ،
ئېلىپ قاچسا كېيگىلى ،
يەنە «ئا،ب،س»نىمۇ
ئۆگەنسەمىكەن ھەر كۈنى ،
ھېساپ ،تارىخ ،تەبئەت
بىلسە مەندىن كۈن-تۈنى .
بولۇپ ئۆيدە مۇئەللىم ،
بىلمىگەننى بىلدۈرسەم ،
بىلىم-ئەقىل گۈلىنى
يۈرىكىگە ئۈندۈرسەم .

تولسا ئىللىق ئۆيىمىز ،
خۇشال ،قايناق كۈلكىگە ،
دادىسىمۇ بەختنى ،
تىزسا قەلىپ تۆرىگە ،
قاتار چاينىڭ مېھرىدىن ،
كېچەلىسەك ئىككىمىز .
ئىشىك ئېچىۋىق ،خاتىرجەم
كىرسە ئۆيگە بالىمىز .
ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،
ھەقىقى ئايال .
ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار ،
مۇھەببەتكە مەڭگۈ ياققۇم بار ،
يۈرۈكۈمنى بىرىپ ئۆزۈمگە ،
سۆيگۈدىن كۆپ مېغىز چاققۇم بار .
«ئانا »بولسام ئانىغا لايىق ،
«ئايال »بولسام نازۇك زىبالىق ،
خىزمىتىمدە قازىنىپ ئۇتۇق ،
شان -شەرەپكە ئېرىشسەم لايىق .
قوغلاشمىسام خىيالى ئامەت ،
رىئاللىقتا يۈرسەم داۋامەت ،
مەنە ئىزلەپ ھايات يولىدىن ،
جاپالارغا يوللىسام تاقەت .
ۋاقىت مېنى قوغلىسا تىنماي ،
ئۆتسەم يىللار باغرىغا قانماي ،
لۇتۇپۇللادەك ئەتىكى كۈنگە ،
ئىرادىنى ئاتسام تالاي .
تىرىشچانلىق قېيىقلىرىغا ،
پەرزەنتىمنى بىللە چىقارسام ،
پەزىلىتىم ۋىجدانىم بىلەن ،
ئاھ، ئۇلارنىڭ
يۈرىكىدە قايتا ياشارسام .

www.uyghurkitap.com

51-تەنها قىيىق ............................................مۇختەر مەخسۇت "
52-قەشقەردە كەچ ..........................................ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
53-بىلىم ئىشقىدا ..........................................نىمشېھىت
54-پەرۋازنامە ------------------ئەكبەر نىياز پەتتارى
55-ئالقاندىكى يول .......................................ۋارىسجان قاسىم
56-تىنىمگە سەپەر ........................................ئوسمانجان مۇھەممەت پاسئان
57-بىر ئائىلىنىڭ تەزكىرسى ..............................جاسارەت تاش
58-ئانامغا مەرسىيە ......................................ئالاھىدىن ئابدۇرېشىت

## تەنها قېيىق

### (مۇختار مەخسۇت)

ساھىلدا تۇرىدۇ تەنها بىر قېيىق.
داتلاشقان قۇزۇقتا باغلاقلىق مەھكەم
ئۇ بۇندا تاشلىنىپ ياتقىلى نىكەم،
ئاستىدا لاتقىلار بوغىدۇ دىمىق.

يىراقتا زەڭگەررەڭ دېڭىز يۈزىدە
يەلكەنلىك كېمىلەر سويلايدۇ ئەركىن.
يىگانە شۇ قېيىق تەلمۈرەر غەمكىن،
ئۆكۈنۈش ياشلىرى ئەگىپ كۆزىدە.

دولقۇنلار كېلىدۇ ئېيتىپ ئارىيە،
يىتەكلەپ بارغىلى ئۇنى دېڭىزغا."
نە ئامال چارە يۇ <<تۇتقۇن قىزغا>>،
غىچىرلاپ بىر ئاچچىق قىلىدۇ نالە.

كېمىلەر ئۈپۈققا كەتتى يىراقلاپ،.
ئۇ تۇرار شاۋقۇنسىز ساھىلنى ساقلاپ.

## قەشقەردە كەچ

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

ئەمەستۇر لاپ ،دىسەم قەشقەر سەيرىنىڭ مۇنبىرى كەچتە ،
گۈزەل ھۆسنى شەپەق رەڭلىق شەرىقنىڭ بىر كەچتە .

بادام دوپپا ،چىمەن دوپپا ،ئاقار يولدا تۇمەن دوپپا ،
ياقار ھەركىم لىۋىگە لەۋ سائادەت دىلبىرى كەچتە .
سادا بەرسە راۋاپ تارى ،قىلار بۇلبۇل غەزەلخانلىق ،
بەلەن سازەندە قەشقەرلىق يىگىتنىڭ ھەر بىرى كەچتە .

ئىلىم ئىشقىدا كۆيگەنلەر ئىجاد ئاتلىق جانان ئىستەر ،
تولا ھېكمەت نۇرى بىرلە كۆڭۈلنىڭ دەپتىرى كەچتە .,

ئۆيى يوقمۇ دىمە ،رەستە بويىدا بەزمە قۇرغاننى ،
بىرەر سۇلتان ھۇزۇرنى ساماۋەر كەۋسىرى كەچتە .
ئەگەر شائىر مەجنۇنسەن ،كورۇپ كەت بۇ موجىزاتنى ،
بۇ يەڭلىغ بىر بازار بولماس جاھاننىڭ ھىچ يىرى كەچتە .

1979-يىلى ،قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

بىلىم ئىشقىدا

نىمشېھىت

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار-يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر، ئۇ گاھىدا بار-يوق.
قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۈلدىن ئايرىلساڭ سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئار يوق.

كىرىپ نەپسىڭنىڭ كەينىگە، بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.
قۇلاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادى-ئاھىغا،
يۈتۈپ زەرداپ پىراقتىن دات دېمەكتىن باشقىچە زار يوق.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئىشقى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھەردەم،
قاراڭغۇ دەر يورۇق دۇنيانى ھەم ئالەم كەبى تار يوق.

يۈرۈپ مەنمۇ گۈزەل ئىزلەپ جاھالەتكە ئەسىر بولغان،
خالايىق ئالدىدا يۈرسەم، مېنىڭدەك بەلكى ئەغيار يوق.
ھاياتىمغا رەقىبلەر خاتىمە بەرمەكچى بولغاندا،
قىلىپ تەۋبە بولۇپ ئازاد، دېدىم:.
- بۇ يولدا زىنھار يوق.
پاراغەت ئىستىسەڭ ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما!...
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.
ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس بىلىمدەك ئاڭا غەمكار يوق.
بىلىمسىز ساق تېنىنىڭ ھامان مەجرۇھلاردەك نالە-پەرياتتا،
جاھان ئىچرە بىلىمسىز دىلدەك ئەسكى بىمار يوق.

بىلىمگە ئاشنا بولساڭ ئوقۇش ئىشقىدا بول، بۇلبۇل،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق.
بۇكەڭ دۇنيانىڭ قانداق پۇچمىقىغا باش تىقىپ ياتساڭ،
بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانغا ھېچبىر كىمگە ئەخبار يوق.

بىلىم روھى ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئۆلمەس بۇ٘نىا ئىنكار يوق.

چاپان ھۆرمەتلىرى ھېچ چاغ چاپاندىن ئايرىلىپ قالماس،)
كېتەر پۇلدىن يىغىلغان ھۆرمىتىڭ پۇل بىرلە ئەسرار يوق.
چاپان بىرلە ئۆزۈڭنى پارقىراتساڭ بىر بويياقچىسەن،
بىلىم ئەسرلىرى بولغان سىرلىق چاپانلارغا خېرىدار يوق.

بولاردىن قولغا كەلگەن ئابروي جىنلار چوشى ئوخشاش،
خىيالى بۇ تىلەكتە سېنىڭدەك باخشىغا جىندار يوق.!

گۇمان قىلما پەلەكنى ھەرقاچان بەختىڭگە چۆرگىلمەس،
بولغان باي، ئەتە سەندەك ھېچ گاداي يوق، بەلكى قەرزدار يوق.
بىلىمدىن چەتتە كۆرگەن دۆلىتىڭ جانىڭ جاپاسىدۇر،
جاپا قىلماققا جېنىغا بىلىمسىزدەك زور ستەمكار يوق.
بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانىغا چىققان ئەسرىدۇر بۇ،
بىلىش لازىم بىلىمسىزگە بۇ ئەسىردە خېرىدار يوق.
بىلىمدىن باتىنىڭ نۇرلانمىسا، كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ تۇن،
قۇياش نۇرىغا مۇنكىر شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق،
زېمىننى توپ قىلىپ ئويناشنى سەن چاقچاق گۇمان قىلما!...
ھەقىقەتتۇر بولغان ھەرئىش، كەمەكتەك جادۇ-ھەييار يوق.
ئەجەبلەنمە بولار كۆڭلى بىلىم نۇرىدا نۇرلانغان،
شۇنىڭچۇن كۆكتە، سۇدا، تاغ، دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار يوق.
بىلىمدىن تاغنى باغ قىلىشتا ھېچقانداق جاپا كۆرمەس،
ھەسرەتتىن قان يۇتاردا نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق.

جاھىللار كۆڭلى تۈن ئوخشاش، ئۇنى پەرق ئەتكىلى بولماس،
قارا تۈنگە شەپەرەڭدىن بۆلەك ئەسلا تەلەپكار يوق.

ئۆزۈڭ ھەم «نېمشېھت»بۇ پىكرىڭنىڭ تەستىقى قۇربان،
بىلىمدىن يۈز ئۆرىگەندەك قاتتىق گۇناھكار يوق.

## پەرۋازنامە

**ئەكبەر نىياز پەتتارى**

تىۋىنىش قول سوزغاندا تەسكىيگە قەلبىمنىڭ،
خىياللىرىم ئۇچىدۇ كۆك ئاسمانىغا پەيسمان.
دىمىقىمدا تېخىچە ئېيتىلمىغان بىر كۈينى،
پەرۋازىدا روھىمنىڭ قىلماق بولدۇم ئارمىغان.
بۇ يېپيېشقاق چۇشۇمنى سۈرگۈن قىلدىم يىراققا،
ئۇپۇقسىرى يول ئالدىم قەدەملىرىم گىياھسىز.
بېجىرىملىك ئىزدىشىم ئىستەك بولۇپ قالسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ھېسلىرىمنى قويمىدىم غاپىللىقتا زىياسىز.
ئوكيانلارغا سىر ئېيقان قايسى تاغنىڭ سۈلىرى،
تۇغراقلارنىڭ لېۋىگە نىچۈن سۆيمەس بىر قېتىم؟
سۇئاللىرىم چاقمىقى ئۆكۈكۈرلەردە چېقىلسا،
ئالالماسمۇ قامچىنىڭ خىسلىتىنى سۆھبىتىم؟!
تۇغۇلدۇ تۇيغۇلار، سىرتماق بولۇپ قىينايدۇ،
قۇياش بىلەن كۆللەرگە ئاققۇ قونغان سەھەردە.
كىملەر مەندىن سۆيۈنۈپ، مازاق ئېتەر مېنى كىم،
ھاياتىمدا بىر نۆۋەت ئىلاھ بولسام ئەگەردە؟!
ساقى ماڭا شاراب بەر، ئۇ ئاچىدۇ ئەقلىمنى،
كاسە سۇنغىن تولدۇرۇپ، سىقىلمىسۇن بۇ نەپەس.
غايىب بولغان شەھەردەك غايىب بولاي ئۆزۈمگە،
تىمتاسلىقنىڭ پەيزىنى بىلىپ قىبلە-مۇقەددەس.
**

رىۋايەتلەر ساناقسىز بۇمۇ بەلكىم رىۋايەت،
يارالمىشتا شور قىسمەت سۆڭەكلەرگە پۈتۈلگەن.
شاد دەملەرغۇ بەك قىسقا، ئۆتۈپ كېتەر چېقىندەك،
قېتىلغاندا كەچمىشكە قەدرى ئەجەب ئۆتۈلگەن.
ھايات ئىزگۇ ناخشىدۇر تالايلارنى رام قىلغان،
گويا چۆلنىڭ ئالۋۇنى بىر يازمىشتا تەسۋىرى.
سەمەندەرگە ئايلىنىپ ئوتلىرىدا كۆيسىمۇ،
موردا ئەيلەر ئاخىرى قالار سانسىز دەدلىرى.
خۇشاللىقنى ئىزدىگەن باغاشلايدۇ ماتەمنى،
قىلار ئالبوم يۈزلەرنى تاتۇق كەبى قايغۇ-غەم.
تارازىدا توختىماي تەبرىلەرمۇ يۈتتى قان،
ئەجدادلاردىن مىراستەك بارى ئازاب ۋە ئەلەم.
قاداق باسقان قوللارنى كىم تىلسىم دەپ ئېيتالماس،
پۈتۈن ئالماي نىمەتنى ۋاقتىسىزلا پۈكۈلگەن.
كەلكۈن مىسال ئەجرىنىڭ ئېرىشكىنى تامچىدۇر،
بىير ئارزۇنىڭ كەينىگە مىڭبىر يىغا مۆكۈنگەن.
ساقى ماڭا شاراب بەر، تەڭرى لېكىن جەننەتتىن،
ئايرىسىمۇ ئادەمنى ئايرىمىغان شارابتىن.
يوقاتقانغا ئاھ ئۇرۇپ، ئېرىشكەننى بىلمىسەم،
ئۆلمەسمىدىم تىرىكلا بۇ چاققىچە ئازابتىن..
**

تۆنۈگۈن ۋە بۈگۈننىڭ پاسىلىدا تۇرار كىم؟
كۆزلىرىدىن ياغدۇرۇپ ئاچچىق سۇئال-سوراقلار.
روھ پەسىلدە ئاداشقان قۇش ئەجەلگە يۈزلىنەر،
يۈرەكلەردىن يۈرەككە تېگەر ئوقلار، ساداقلار."
ئابىدىلەر ئۇھسىنىپ تۇرىۋەرمەس قىيادەك،
خىرە-شىرە كۆرسەتسە جامالىنى كەتكەنلەر.-
ئايلىنىشى بەرھەقمۇ ئەپسانىگە ئاقىۋەت، )
ئىشكىنى تەڭرىنىڭ ئاستاغىنە چەككەنلەر؟!

شۆھرىتىدىن قالغۇسى ئاساسى يوق ھەر نېمە،
سارايلارنىڭ ئۇلى بار، دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى.
تۇگۈنلەرنى يەشسىمۇ ئادەم يەنە تېپىشماق،
تېخى قاپتا ياتماقتا تالاي سىرنىڭ نېگىزى.
تام سالدۇ يوللارغا قەدەمدە بىر مۇشكۈللەر،
بۇ كۆرۈنمەس يىپ بولۇپ ئەلمىساقتا باغلانغان.
ئادەم ئاتا قىسمىتى ھازىرلا يۈز بەرگەندەك،
گۈلخاندا ھاياتنىڭ ئاھ، يۈرەكلەر داغلاغان.
قۇدۇق قازغان ئىچەلمەس سۇ بىر تېمىم قانغۇچە،
ئەقىدىگە ئەقىدە تۆلىگەننىڭ قەدرى يوق.
كۆزلىرىدىن ئايرىلار سەجدە قىلغان قۇياشقا،
تەسەللىيگە ئېرىشمەي تەنلەردىن يەيدۇ ئوق.
قىرتاق ھېسلار قىبلىسى كومزەكتىكى مەي-شاراب،
ھالقىپ كېتەي سۆيگۈگە توختىغاندا ئوتلاشتىن.
ئېزىش ئۇدوم بولسىمۇ ساقى ماڭا ئەزەلدىن،
ئىشتىياقىم چېچەكلەر نېمىگىدۇر تويماستىن...
**

مۇھەببەتسىز ، سۆيگۈسىز يورۇق دۇنيا گۆرىستان،
مۇھەببەتلىك ئادەملەر خۇددى ئالتۇن باھاسىز.
ھەدىيەلەر ۋەلېكىن قارىغۇمۇ تائەبەد،
ۋاپاغا باي ئىنسانىنىڭ قەلبى قالار باھارسىز.
تومۇرلاردا سەل بولۇپ قېنى ئاقار شەيتاننىڭ،
بېرەلمەيدۇ چىن تۇيغۇ رۇخسارلارغا كۈلكە-ناز.
غاجىلايدۇ يۈرەكنى ئاھ، نېمىدۇر قۇرتتەك،
ئۇدومدا تۇرمۇشنىڭ قايغۇ كۆپرەك، شادلىق ئاز.
ئېتىقاتلار ئوينايدۇ ئالقىنىدا شۈبھىنىڭ،
خىزىر كىرگەن خاندىن چىقىپ كېتەر ئۆكۈنۈپ.
يامغۇرنى سىر پۈتى تۇتمىغاندەك بۇلۇتلار،
بىز-ھەممىمىز ياشايمىز بەزلەشلەرگە يۆگىنىپ.
كۆپىكىدەك پېۋىنىڭ قەسەم دىلنى ئوۋلايدۇ،
داۋام قىلار تېنىمسىز ئالداش بىلەن ئالدىنىش.
بەخت تۇنەپ قالىدۇ بۆشۈكىدە بوۋاقنىڭ،
نېسىپ بولماس ھېچكىمگە ئۈزۈل-كېسىل پاكلىنىش.
ئېمىزگىنىڭ رولىنى تارتىۋالار كۈي-ئاھاڭ،
بىلگەنمىكىن ئاھ بۇنى ھەسرەتلىك ياش تۆككەنلەر؟
ئىشرىتىنى ئۈزۈنغا سوزماقىنلا خالايدۇ،
قىلغا ئوخشاش تولغىنىپ پەي ياستۇققا چۆككەنلەر.
شاراب ئىچمەك ئىستىكىم ساقى مېنىڭ مۇشۇ پەيت،
خۇرسىنىشلار ئوخشايدۇ كاسىدىكى شارابقا.!
پىغان ئىچرە يۈرىكىم ساقىتىدۇ سۈزۈك ياش،
سۈرىتىنى كۆرىمەن ئوتقا چۈشكەن كاۋاپتا...
**

بۈگۈنلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلگەن ناخشىلار،

بۆيۈكلۈكنى تاپىدۇ يىتمىلەرنىڭ كۆزىدە.
ناۋاسىنى يوقاتسا ئۇنىسىز قىلغان ئىلتىجا،
مەناسىنى قۇچاقلار شائىرلارنىڭ سۆزىدە.
باغلايدۇ چىڭ دىللارنى ھاياتقا ئاھ، بىر ئۈمىد،
پەردە قىلغان بۇلۇتنى گويا كۆكتە ئاي مىسال.
سىماب بولغان ۋۇجۇتلار تىكلەر يوقلۇق ھەيكىلى،
كۆپۈكلەرگە تويۇنار نەتىجىدە قۇت، ۋىسال.
خىياللارنىڭ دولقۇنى ئورار ئۇنى كېپەنگە،
شۇڭا دەردلىك قۇشلارمۇ ھازا ئاچار ئورماندا.
يوق نەرسىنى ئىزدەشنى قىلىپ ئاچچىق مەسخىرە،
جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار ئېغىر قارا تۇماندا.
ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئاسان ئەمەس دۇنيادا،
شەپەق تۇغار زىناقلار تاپقىنىدا پاسىبان.
كۆرۈنگەندە باقىينىڭ بوسۇغىسى قاراقتا،
ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەس كىم كىملەرگە مېھرىبان.
ئارمانلاردىن ھەمىشە نەرقى ئاشار ھاياتنىڭ،
ئۆزۈن بولماس كېچىلەر ئاتار تېزدىن تاڭ-ناھار.
يوپۇرماقلار لەيلىگەن كۆز، قەھرىتان چۈش ئىرۇر،
ئاچقاندا كۆز باغلارنى باغاشلايدۇ نەۋباھار.
ساقى ماڭا شاراب بەر، شاراب جاننىڭ ئارامى،
كۆڭلۈم تەسكىن تاپقۇسى قېنىپ-قېنىپ ئوتلىسام.!
دىلغا چۈشسە قورقۇنچ قىلار ئىدىم جان تەسلىم،
ئۈمىدنىلا ئۆزۈمگە ھەقىقي يار تۇتىسام...
**
قەلبلەرنىڭ ئىشكى ئېچىلىدۇ تىلىسمدەك، "
تۆككىنىدە زىلتارلار كۈيلىرىنى سېھرىلىك.
تىرىكلىكنىڭ تەشۈشى كېتەر قاچقىپ يىراققا،
نۇر بالقىغان چىرايلار تۈيۈلىدۇ مېھرلىك.
پارتلىغاندا دىللاردىن ئەقىل تۇغقان سۇئاللار،
ئىرىق، جىنس تۈيغۇسى يول ئالىدۇ لەھەتكە.
جان ياشىرار ئەگىزدە ياشارغاندەك مايسىلار،
كۈي ئايلىنار ئىمانغا، ئۇدارلىرى ئەھەتكە.
ئېرىپ تۈگەر پاكىزە قېرىپ كەتكەن سۆكۈتلەر،
قاراقلاردا يانار ھەم تەڭدىشى يوق سۆيگۈ، قۇت.
پەردىسىدىن ئايرىلار ساختىلىقلار مادارسىز،
ئۆز ئەسلىگە ئېرىشەر تاغ ۋە دەريا، گىياھ-ئوت.
مۆجىزىلىك بارماقلار، مۇڭ تۆككۈچى گۇل لەۋلەر،
نۇسرەت تېپىپ ئايلىنار مەركىزىگە ئالەمنىڭ.
گويا يوقتەك دۇنيادا ئۇرۇش، ئاتوم بومبىسى،
ئىزگۈلۈكتە يۈيۈنار غالجىرلىقى ئادەمنىڭ.
قىيامىغا يەتكەندە زوقلىنىشلار دولقۇنى،
ئوخشاپ قالار قېرى، ياش بىر يىپتىكى مارجانغا.
يۈرۈۋېرىش بىناماز سانالمايدۇ ھەم گۇناھ،

ئاسايىشلىق ھۆكۈمران بولغىنىدەك جاھانغا.
ساقى ماڭا شاراب بەر، كەلدى ئەيسا يېنىمغا،
سورۇنىمىز قىزىماس مەي، ناخشا-ساز، غەزەلسىز.
گېزى كەلسە كىرىستقا ، ياق روھىمغا مىقلىناي،
دىدار نېسىپ بولمايدۇ ئاشىقلارغا بەدەلسىز...
**
ھالقىسىنى تارتقۇشلاپ ئەجەل دائىم كۆڭۈلنىڭ،
مەيدانىدا ياسايدۇ سايىسىدىن ئىگىز دار.
يېرىم شېھىت ئارمانلار سۆرەپ ھالسىز جىسمىنى،
ئېسىپ قويار تۆنلەردە چۈش بويىنغا تىلتۇمار.
خازانلارنى ئۇچۇرغان شامالاردا خۇلقى بار،
تەشۋىشلىرى كەڭلىكتە تاغ ياسىغان قۇم سىياق.-
قارا تۇپراق جانلارنى يۇتۇۋېتىپ لەھەڭدەك،
ياندۇرامدۇ كېچىدە سۆڭەكلەردىن شام-چىراغ؟!
چۈشكەندە پۈت-قولنى ئارغامچىسى تۇيۇقسىز،
قۇتۇۋلش تەس ئۇنىڭدىن قىلىپ شاشلىق-ئۆكتەملىك.
كۆلكىلەرنى يالغان دەپ ئېيتماق قىيىن بولسىمۇ،
تورۇپ كېتەر مازغاپتەك شاد مىنۇتلار بىردەملىك.
قۇچىقىغا چىللايدۇ گۈلخان يېقىپ قەبرىستان،
ئەمما لېكىن ھەركىمنىڭ بارار يولى ئوخشىماس.!
ۋاقىت -پويىز، ئادەملەر ۋاگون ئاڭا چېتىلغان،
ئىختىيارى تىزگىنسىز بىر ئىزدا توختىماس.
ساقى ماڭا شاراب بەر، شاراب يەيدۇ غەشلىكنى،
تەنھاغىنە ئولتۇرۇپ ئىچەي مەستلىك يار بولسۇن.
ھەپسە كەبى قەلبىمدە ئۆزگە بوشلۇق قالمىدى،
ھايات-مامات غەملىرى بىردەمگىنە ئۇنتۇلسۇن...
......
تومۇرلارغا ياماشقان شاراب قانغا ئوخشايدۇ،
ئاۋۇندۇرار كۆڭۈلنى تۈنجى سۆيگەن جانانىدەك.
قانات پۈتۈپ ھىسلارغا ئۇچۇرىدۇ ئەرشكە،
دىلدىن ئازاب تارقايدۇ سەھەردىكى مانادەك.
يۈرەكلەردىن يۈرەككە يول ئاچىدۇ تەخىرسىز،
شاھ، گادايىنىڭ پەرقى يوق بارى بولار مۆھتەرەم.
كېچىلەرنىڭ سۈلكىتى ئاشار ساندىن تاشقىرى،
قىيىشماسلىق ئاسىدۇ نىگاھلارغا تۇغ-ئەلەم.
كىيىكلەرنىڭ كۆزىنى ئەسلىتىدۇ كاسىلار،
ئۆز ئەكسىنى كۆرىدۇ قارىغانلار ھايالسىز.
ماھىيەتلەر نامايىش قىلسا مەسلىك ئىچىدە،
يوسۇن، كىشەن ئۇنتۇلار بارچە قىلمىش سۇئالسىز.
سېخىيلىقى ھاتەمنىڭ لاپتۇر كومزەك ئالدىدا،
لېۋىدە بار غەزىنە، لېۋىدە بار ھەرنېمە.
تىمسالىدۇر دېڭىزنىڭ داۋالغۇشتا تامچىسى،
لېكىن بارار ئۇيۇقتا سالسا ھەركىم گەر كېمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ساقى ماڭا شاراب بەر، قايغۇرۇشۇڭ ئارتۇقچە،
ملك رەت ئۇپۇپ قولۇڭنى هۆرمىتىمنى بىلدۈرەي.
تۇنجى قېتىم شارابنى كىم ياسىغان ئېيتىپ بەر،
هايات بىلەن قۇياشنى تاج قىپ ئاڭا كىيدۈرەي.

......

تاڭدا كەزسە شوخ سابا ئىپار تۆكۈپ هەريانغا،
بېغىم ئىچرە مەجنۇنتال تولغۇنىدۇ ئەۋرىشىم.) ~
ئەجەب ئىسىل بىر مۇقام توۋلىغاندە دەمدىرىم،
كىرپىكىمنى نەملەيدۇ ئىسسىقىنە كۆز يېشىم.
پەلەكسىرى قول سوزغان خۇددى كۆكۈش تۇتۇندەك،
شېئىرلىرىم سۇئالدۇر كۆزلىرىمگە ئىسىلغان.
خىلۋەتلەردە يۈرسەممۇ دەشنام يەيمەن ئەجەلدىن،
بەندىلىكنىڭ تامغىسى پىشانەمگە بېسىلغان.
بەخت چۈشەپ ياتقاندا بىكتىدە بارلىقىنىڭ،
تەقدىم ئەتتى ۋەسلىنى ماڭا هەسرەت-پىغانلار.
هايات، ئەجەل، مۇھەببەت تاشلاپ تۇرسا مىلك قارماق،
نىچۈن بىردەم تىنجىماس قەلبىمدىكى ئارمانلار؟
شاراب، ناخشا ئۈلپەتتۇر دائىم سوغۇق كۆلبەمدە،
قارا تۇنلەر باغرىدا يالتىرىغان چىقنىمەن.
خالىغانلار ئاھ، مېنى تاپالايدۇ ئۆزىدىن،
يىراقلارغا بەك يىراق، يېقىنلارغا يېقىنمەن.
يۇتۇپ كەتسەم بىرمەھەل ئارتۇقچىدۇر قايغۇرۇش،
بېغىشلايدۇ قۇت-لەززەت تەنهالىقمۇ بەردەملىك.
كۆمۈلسەممۇ تۇپراققا، كۆمۈلسەممۇ قارغىشقا،
ملك رازىمەن دەقىقە نېسىپ بولسا ئادەملىك.
ساقى ماڭا شاراب بەر، هايات ئاتلىق پەرىزات،
كاسىدىكى شارابتەك دائىم كۆلۈپ تۇرارمۇ؟
ۋاقىت دېگەن قاراقچى تارتىپ ئالۇر ھەممىنى، !
بىر ئازابتىن باشقىسى ئۆمۈرلۈكمۇ بولارمۇ؟!

1993-1994-يىلى تۇرپان

## ئالقاندىكى يول

ۋارىسجان قاسىم

(1)
قېنىمدا ھۇۋۇلغان تۈننىڭ خىتابى مەي خۇمار ئەتتى،
سېرىق ئالۋۇندا چايقالغان پىراق قاننى تۇمار ئەتتى.
يېيىلغان شولىلار چاچراپ تىكىلىنەر ئۇچقۇن ئارا ھەيۋەت،
قىيامەت ياشىدىن مارجان ياساپ جان ئىنتىزار ئەتتى.

سۈكۈتنى بۇندا مىڭ ئەجدەر ئىچىرقاپ خام تالاش قىلسا،
پەلەك تاشقىنلىرىدىن گۇمراھ كۆزىدە شەرمسار ئەتتى.

تىنىق سۇبھى گۈلابى ناز ئوتىدا قايىنسا ناخۇش،
گۈگۈمنىڭ مەيلىنى ئوۋلاش ئۈچۈن بىدارى تار ئەتتى.

سۇنۇق كوزا جاراڭلاپ يالتىراق تىترەكنى چالغىتسا،
كىشەندىن بالقىغان ئۇچقۇن خىرىدارىن دىدار ئەتتى.

ئەقلىنىڭ تەشۋىشى گۈلدۈرلىسە ئوكيان گويا تامچە،
قىرانلار شەۋكىتىگە بىل سېنى كىم تاجدار ئەتتى.
كۆرۈك جەننەت مۇقامى پەردىلەردىن نائۇمىد بولمىش،
يوقالغان زەر سىماب ئاپتاپلىرىڭنى ساگدار ئەتتى.!

(2)
چايقىلار يۇلتۇز كۆزىدە ئىگرىغان ئاسمان بۇ دەم،
يىلتىزىغا شولىلاردىن سىر بىرەر بوستان بۇ دەم.

كوھقاپ زەنجىرلىرىدە بىگۇناھ جان ئۆركىشى،
كۆركى يىگانە دېڭىزنىڭ ئىشقى سەرگەردان بۇ دەم.
بىر شامال كەلسۇن يىراقتىن تەڭگە ياپراق بەختىگە،
بىھايا ئىتلار قاراقىدا خۇنۇك جەۋلان بۇدەم.
قوغلىنىپ ئازغۇن گۇگۇم سۇمرۇغ گىياھىنى يۇتار،
تىپتىنىق يالقۇن تىلى ئىچرە مۆكەر ئارمان بۇدەم.
سەھرىگەر پاسىق قەدەھ قارىنىدا مە يىنىڭ تەشۋىشى،
چاپچىغان قەيسەر خۇمارىمغا ئۆلۈك قال قان بۇ دەم.
ئاقتى ھىجران كوچىسىدا شەۋكىتى شانلىق ئەلەم،

لالىگۇن بوشلۇق كۆيۈپ قاينار تۇمەن جەريان بۇ دەم.

ئىشتىياقىمنىڭ قۇياش ئۇگدەر بۇلاقى قايدىدۇر،)
چەرىخ ئۇرارىمنىڭ ناۋاكەش تارىدۇر جانان بۇ دەم.

(3)

چاقنىشىم زەرگۈن بۇلۇتقا مەھلىيا مەپتۇن ئەمەس،
يانمىغان چۆللەر قېنىدا بىناۋا، مەجنۇن ئەمەس.
كەلسە ئاتەش تەلقىنى ئويناق پەلەك زارى ئارا،
تاپسا ئالەم ملك پاناھ، ، مۇدھىش ساما كەلكۈن ئەمەس.

قاغجىراق روھ جىلۋىسى مەينىڭ گۈلىدە كۆكلىسە،
تىپتىنىق دولقۇن تىلىدىن يامرىغان شاۋقۇن ئەمەس.
ئاھ ، ئوقى بىرلە ئىتىلسا لالەرەڭ ھارغىن سەھەر،
تالە- تالە چاچلىرىمدىن سىرغىغان ئۇيقۇن ئەمەس.
ئاقتى ئۆركەش پۈرمىسىدە ناتىۋان تۈن كەچمىشى،
خۇرسىناق ياپراقتا قاتقان شولىلار گۈلگۈن ئەمەس.

نەگە تاشلار ئاي ئۆزىنى، جاندا ھۇۋلار تىلسىمى،
قىرغىقى كۆيدى پايانسىز، جەزىبدار ، تۇتقۇن ئەمەس.
ئەي كۆڭۈل بىل نۇر تولا يوللار خىرامانىدۇر ھامان،
ھالقا-ھالقا ياشلىرىم پەيكانى جان، يالقۇن ئەمەس.

(4)

قۇياشنىڭ ھالقىسىدىن سىيرىلىپ تۈنلەرگە چۆككەن كىم؟
ئاياغلار ئاستىدا قالغان يوچۇن ئاتەشكە مۆككەن كىم؟
جۇنۇن شەيتان تومۇرى ئىچرە نەينىڭ سىھرىنى پۈۋلەپ،
سەمەندەر ناخشىسىدىن چالغىتىپ ئاھنى تۆككەن كىم؟
قويۇق زەڭگەر تۇمان جان بوشلۇقىدا ئوينىسا مەستان،
ئېچىلماس سىرنى سەر چەشمە ناۋا پەيزىگە پۈككەن كىم؟

ئۈنۈپ چىقسا چاراسلاپ قەترە ياشىمدىن تۇمەن يۇلتۇز،
گويا قاغا قاناتىدەك ۋۇجۇدىن قايتا سۆككەن كىم
تىنىق مەينىڭ جۇلاسى ھەر زامان توپاننى دەۋرەتسە،
سۈكۈت قىرغاقىدا ئەللەي مۇقامىغا كۆنۈككەن كىم؟

تېنىمگە سەپەر

ئوسمانجان مۇھەممەت پاسئان

(داستان)

مۇقەددىمە
تەننىڭ ئۇزۇنلۇقىغا
ئۇزۇنلۇقىنىڭ تەن قۇرۇلمىسىغا
ئۇراپ قويغان يىپەك رەختنى
ئېلىۋېتىشنى ئويلايمەن
تەننىڭ ئىشتىها قاتلىمىغا كىرىش
نۇر نۇرسىزلىنىپتۇ
چىم ۋە ياۋاق گۈللىرى قانغا بويىلىپتۇ
قارشى تەرەپنى سۆزگە چاقىردۇق
تام مىدىرلىغاندا تۈگۈلۈۋالدۇق!
تام ئىچىمىزگە شۇڭغۇدى!
ئاۋاز ئارىلىقى يولىدىن ئۆتتى
زەنجىر بىلەن قارىمۇتۇق گۆشنىڭ رېئاكسىيىسى
ئاستا -ئاستا سۆكۈتكە كىردى
توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى ئاتەش
سىم كۆيۈشكە باشلىغاندا
يومۇلاق دولقۇندا گۈگراۋاتقان بىلقىدان!
بارچە چىلانىملارغا بولىمىز ھەيران
توپا بىزنى قورشىۋالدۇ
قومۇش قۇشىمىزنى شۇلۇۋالدۇ
توققۇزىنچى ئۇرۇق
يەتتە رەڭدىن بۆسۈپ ئۆتكەندە
بەدىنىمىزگە قايتىپ كېلىمىز
قايتىپ كەلگەندەك تېنى يوق يىلان
نىلوپەردىكى تىغ ساراسىمى
كۆزۈڭدىكى قوم مۇراسىمى
مازاردىن بۇلۇتتا ئۆرلىگەن يۇقۇملۇق ئاڭ
ساقالدىن كۆك رەڭلىك دارغا قارىغان پىنھان
ساڭگىلاپ تۇرغان سۇ قۇيغۇچى
ئۇزارغان ھەرپلەرنى ئارىلاشتۇرغۇچى
پايانسىز ئومرۇتقىلاردا ۋاقىت ياسىغۇچى
قورساق قاسراق تاشلىغاندا
كىندىك ھېكايە باشلىغاندا
تاغ قاپتىلىدىن چۈشكەن راھىب
قوڭغۇراق ئاۋازىدىن بولدى شىركەيپ
سۆزلەرنىڭ ئازابىدىن چىقىۋاتقان قاتتىق سۈت
ئۇيغۇر ھەققىدىكى يېڭى قىزىلمىلار
ئەرلىكنى تىكلەۋاتقان يىزا چۈشىنى
سۇركىلىۋاتقان مىھراب ئىسسىقلىقى
بولدى...
دېڭىز تۈنگە قۇيۇلدى
يىغلىپ تۇرقار پومزىكىدەك,
ئولۇغ مۆرىسى قىزارغان ۋە كېسىلگەن

www.uyghurkitap.com

خاتا بېسىلىپ قالغان بىر تال خىش سەۋەبىدىن
ياغاچ دەرىخى بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدا
يۈز بېرىۋاتقان شەكىلسىز پوخۇرلۇققا قارشى چىدامنى
توختىتالىدىغىمۇ ئەي دائىرە سىزغۇچى؟!
چىم ھامان كۆيىدۇ
ياغاچ ھامان سۇنى باغلايدۇ
نۇر نۇرسىزلىنىپتۇ
تام تۈگۈلگەندە مىدىرلاشنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆتتۈق...
تەنىنىڭ ياغ قاتلىمىغا كىرىش
باسما قۇدۇق، ۋاي باسما قۇدۇق
ھاكلار بىلەن ئايەت ئوقۇدۇق
كۈيلەۋاتقان ئەس كالىسى,
كۈنلەر قارا، تۈنلەر يوپيورۇق
ھاللىنىپتۇ يۇلتۇزلارنىڭ باشاقلىرى
تىكلىنىپتۇ چىڭقىي چۈشتىن پارچىلانغان
تۇغۇۋاتقان نىگىر ئايالنىڭ تېرمومېتىرى
بەش بۇرجەك ئالەمنىڭ ھېمايىسىدە
ئايۋانغا كىرىپ كەلگەن نارەسىدە)
ئۈزۈم سۈيىگە چىلانغان باشنى
ئاتتى تورمۇزلانغان ياغاچ قەلئەگە,
ئەر -ئايالىلىق ئېنىرگىيىسى
قىيپاچ شامالنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى
يومۇلاق بولۇپ ئولتۇرۇپ
ئىپتىدائىي ساقال ئېلىش ھەپتىلىكىدە
ئوتتۇرىغا تاشلىدۇق مەزمۇنىمىزنى
شۇنداقتىمۇ
تىرناق ئالغۇچىلارنىڭ باراۋەرلىكى
يىلىك تازىلىغۇچىلارنىڭ نىسپىي غايىسى
بارماق ئىزنى ئالماشتۇرغۇچىلارنىڭ سىياسىي تەۋەلىكى
دىن ۋە خۇدا توغرىسىدىكى مەخپىي كېڭەش;
روھ بىلەن ماددىنىڭ قىسمەن ئۆتتۈشۈش ھادىسىسى
كونا تاش قوراللارنىڭ مۇنازىرە كەيپىياتى)
تاپىنىمىزدىكى كۆپ چېكىت بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئەمەس
تاش كۆچىدۇ
چىرايىمىز زەھەرسىزلەنگەندە
ئۈچ خانىلىق تارقاق سان
خالىغانچە گۇرپىلىنىۋاتقان قانتاش غول لىنىيىسىدە
ئۇيقۇلۇق كېتىۋاتقان قىزىل ماشىنىدا:
شىكەر سىيىۋاتقان سەكسانپۇت
تالاق مۇناسىۋىتى ۋە ياغاچ يوپۇرمىقىنىڭ
تىلىنى چىقىرىپ كۈچلۈك غىدىقلىشى بىلەن
سېمىز ئەرگە تامچىلاۋاتقان ئاسماندەك چوكان
ھاكىمىيەتكە قاراپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلدى

ماي كۆچۈۋاتقاندا
بىز تىل سەنئىتىنى ئۆيلىماسلىققا تىرىشتۇق
ئەدەبىياتنىڭ قېلىن يەرلىرىنى رەت قىلدۇق
ئۈنىڭغىچە ئىش تۈگىدى
بۇرغىلاش ماشىنىسى سۇ ئىچىۋاتقاندا
ئۆرە تۇرغان يىلانلار
ئادەملىك قېنىنىڭ ئەڭ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى
ئولتۇرغان يىلانلارمۇ پۇسكىيىپ
قەيەردىن قان چىقارساق بولار دەپ چوڭقۇر كۆلۈشتى
ھەقىقەت، ئىشتان بېغىدىكى
شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك بىرنەچچە تامچە داغنى ماختاۋاتقاندا
تاش كۆچۈشتىن توختىدى
قۇدۇق
ئېغىزىنى
ياپتۇق
كاككۇك گۈللىرى ئېچىلغان...
تەنىنىڭ ھەۋەس قاتلىمىغا كىرىش-
چۆپلەر ھال رەڭدە كۆزىنى ئاچقاندا
كۋادىراتلىرىڭدىكى مەمنۇنلۇق چېچەكلىرى
ئەگىز پېتى مۇمىيالانغاندا
قوغۇشۇن قۇيۇلۇۋاتقان سەبىي ئېغىز,
مىس ئۆز ئىستەكلىرىنى قويۇپ بەرگەن چۆگۈن
زەرەت ھالىتىگە كىرگەن بالۇن!
تۆك يارىسىغا قارىغان قەبرە خادىلىرى
بىر تامچە ھېيلە ئارقىلىق
ساڭا باستۇرۇلغان مۇقام سۆيقەستى...
ئاستىڭدىن يولنى كۆتۈرۈپ قوپقاندا
چۈشەكىدۇق ئۇشتۇمتۇت
تورۇستىكى ئالتۇن كەش
پىرىسلانغان تور ھاسلاتى
تىرناقلىرى كۆپۈپ چىققان ئۆمۈچۈك
قىز بالىنىڭ بارلىق بىساتى
سەرەڭگىلەر سۆز ئارىسىدا
قەغەز ئاقلىق ئازابىدا
كۆمۈرچەكلەر يېتىلىپ بوپتۇ
ئىچ كۆڭلەكلەر يىرتىلىپ بوپتۇ
سۆيۈش ئارقىلىق پەيدا قىلغان قارا داغنى
مۇشتۇملىرى تۈگۈلگەن ياغاچ
ئىسسىق ئۆتۈۋاتقان تىلسىمات بۆلەكلىرىگە
رەسسامنىڭ پۈركىگۈچلىرى بىلەن تارقىتىۋەتكەندە
بىز قورقۇمسىراپ تۇخۇمدىن بېشىمىزنى كۆتۈرىمىز-
شۋاق باسقان شەكىلسىز تۇخۇمدىن
قانات قاندىن ئۆرلەپتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆچىنچى كەپتەر يوقلۇقتا كەپتۇ
سوزۇلۇپ ياتقان تەر تامچىلىرى
ئۆمۈلەش ئارقىلىق بىھۇشلۇقنى ئىپادىلەپتۇ
ياپپېشىل ئورمانلار قۇملۇقنى كۆزلىگەندە
قۇملار قېلىن تېرىسى ئىچىدە جۇپلىشىشۋاتقاندا
ئۆستىمىزدە تۇمان پەيدا بوپتۇ
ئۇنىڭ سۇزۇك شۆلگەيلىرى:
ئەنئەننى قورۇپ تۇرغان قىل ئارغامچىلىرى
تارىخنى سىيلاۋاتقان يىرىك ئالقانلىرى
مەڭگۈلۈك ھەرىكەتنى ئىسپاتلاۋاتقان پىيادە ئەسكەرلىرى
ئوتنى ئېغىزىغا ئالغان پىرخونلىرى
شەيتان ۋە ئاياللارغا تىغ سانچىۋاتقان دۇمباق قۇشلىرى'
ئۇزۇن چاچلىرىغا سۇ يۇگۇرۈۋاتقان ساداسىز بۆرىلىرى'
ئىچىمىزدىكى بىر تاشقا مۇنداق دەپتۇ:
-مۇزغا قايتىڭلار
ئوت سىلەرنى ئۆرتىمىسۇن...
تاشمۇ جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:
-سىلەر بىزنىڭ ھورىمىز
ۋاقىت ئۆلگەن جايدا بىز بىلەن ئۇچرىششقا قوشۇلۇڭلار...

تەنىنىڭ ئىدراك قاتلىمىغا كىرىش

ئاينىڭ كەينىدىكى مىڭ يىل
كۇنئۇپكا تاختىسىدىن ئاجراپ چۈشكەن كۆز
ئورگانىنىڭ ماددىلار بىلەن تولغان ئالاقە
يۆتكىلىۋاتقان نۇر ئېپى
تولغان
چوڭ بولغان.
ئېنېرگىيىسى ھەسسىلەپ ئاشقان
ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك ئاياللاردىكى كۆزىتىش سۈپىسى
ياكى زەرەتلەنگەن ئاۋاز ياپراقچىسى.
پىكىرىمىزنىڭ دەللى
كارىز ۋە ئاناتومىيىلىك سىخىما
بىر دەرەخ بۇگۇن ئاخشام يولغا چىقىدۇ
ئۇ ئايدىڭدا ئوران قويۇلدۇرىدۇ
يېرىم كېچىلەردە يادرۇ ئوق بېشىنى مايلايدۇ
يامغۇر قاتقاندا بارچە گۆزەللىككە يېتىشىپ بولالمايمىز:
شۇڭا ئۇ مىڭىپ تۇرۇپ كېيىم ئالماشتۇرىدۇ
كۇن تۇتۇلۇۋاتقاندا
كىمگە تۇتۇلۇۋاتقانلىقنى ئېيتىپ بەرگىلى بولمىغاندا'
تېزىغىچە لاي كەچكەن قىزىل تۇمشۇقلۇق باكتېرىيە
قولۇڭدىكى ئىككى قۇتۇبتىن/
بىرنېمە ئۆسمەيدىغان ئىبارىلىك تاغقا سوقۇلغاندا

كۆپۈنكى ئەينەكتىن چىققان ئەر
قاندىن قوۋرغا ياسايدۇ
ئۇچارقۇشلار سىنى چوقۇلدى
يىرتقۇچ هايۋانلار ساڭا چىشىنىڭ ئىقنى كۆرسەتتى)
زامانىۋىي ئۇقۇم ئىچىدە
كۆلنىڭ ئوغۇزنى ئىزدەۋاتقانلىقنى كۆردۇق
دەرەخ كاۋىكنىڭ جىم تۇرالمايدىغانلىقنى بىلدۇق
ئاتلارنىڭ قورسقى يوغىناۋاتانلىقنى هېس قىلدۇق
نىسپىيلىك نەزەرىيىسى خەتنىلىككە ئوخشايتتى
تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلدە چالما تىزىۋاتقانلار ئاقرىۋاتاتتى
تىلنىڭ تەۋرىنىشچانلىقى بارمۇ
قۇلاقنىڭ روهى قايتىپ كەلدىمۇ(
ئىككى پۇت يەنە كېسىشەمدۇ
هېچنەرسنى بىلمەسلىك كېرەك...
قۇياشنىڭ كەينىدىكى مىڭ يىل
پارچە -پارچە ئەس يولۋاسلىرى'
تېنىمىز ئالدىمىزدا قاراپ تۇرماقتا
تېخى بۇرۇتمۇ خەت تارتمىغان بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ
كۆچمە مەنىلىرى ئاۋۇماقتا
ئۇ ئەمدى ماگىملارنى ئىزدەيدۇ
ئۇ ئەمدى دېرىزە ئالدىدىكى مۇنارغا يامىشىدۇ
بەلكى ئۇ...
بوغۇملارنىڭ هەممىسنى چىقرىۋېتىپ
يۈزى ئورالغان ئىهرامدىن بىرنەچچىنى ياسىشى مۇمكىن.

تەنىنىڭ رىۋايەت قاتلىمىغا كىرىش,
بىر هۆجەيرە پادىشاهلىقى
ئوت تۇتىششتىن ئاۋال
ئۈجمە دەرىخنى يۇمشتاتتىكەن...
چاقماق چاقفاندا
ئاتىلىق بايرىقنى ئىگىز پۇلاڭلاتقان ئورمانلار
زېمىن ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ
زېمىن ئاققاندا
خەتنىسى ئۆرۈلگەن پارچە ئاسمانلار
پەرشتىلەر قونغان گۈللۈك بۇلۇتنىڭ نومۇسغا تېگىپتۇ.
بۇلۇت ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغاندا
پەيلاسوپلار ئوربىتاسى هەرىكەتكە كەپتۇ
نە بىر قارشلىق
نە بىر ياراتقۇچى
نە بىر قىزىل رەقەم)
روهلارنىڭ ئۇچرىشش كۈنىنى بېكىتكەن ئاقساقال
تەر قايناپ كۆكسمىزگە چىققاندا
بېگىز بارمىقنى تاغ دەپ ئويلاپتۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇ چاغلاردا ۋاقىت ھازىرقى ئىتقا ئوخشايدىكەن
قاۋاش تەرتىپى ئارقىلىق بوشلۇقنى تولدۇرىدىكەن
ئۇ چاغلاردا بوشلۇقنى بىزدىن توسۇپ تۇرىدىغان
ھېچقانداق ماددىي كاپالەت بولمىغاچقا
فانتازىيە دەۋرى باشلانغان ئىكەن,
ئازاب دەرۋازىلىرى غىچىرلاپ ئېچىلغاندا
مەلىكە بولۇش خىيالىدا
بوشلۇقتىن تۆشۈك ئېچىپ ئويناۋاتقان تۇنجى قىز
رىۋايەت مۇساپىسىنى تاماملىغان ئىكەن
يەتتە كۈن!
تەر ئەرۋاھىدىن يېغىلاندۇق
زەنجىرگە قاراپ بوي تارتتۇق
پوستمىزنىڭ يېرىقلىرىدىن ئاراللار پەيدا بولدى
ئۇلار تېخىچە مۇئەللەقتە ئىدى;
ئالەم
يەككە مالىكولا
ئۇچقۇچى)
ياق!!! |
ئۇنداق ئۇقۇملار مەۋجۇت ئەمەس ئىدى
يەتتە كۈن
يەتتە قوۋرغىغا جان پۈۋلەندى
نۇرنى كۆمۈپ تاشلىدۇق
يەر يۈزىدىكى ئاتالمىش ئوكيانلار مونوپوللۇقى
مارجان تاشلارنىڭ زىنا قەبرىستانلىقى.
بېلىقلارنى ئوراپ تۇرغۇچى ۋەھىي ئىراسى
سۈت ئەمگۈچىلەرنىڭ ئولتۇماتۇمى
يەتتە نۇرنىڭ شاكال ۋاقتى
بۆرىلەر
...نىڭ يارىلىش باسقۇچى-
زۇلمەتلىك مۆرىمىزنىڭ ئاھى
ئۇلار شاكالدىن قوپقان
ئۇلار كۆك نۇردا ماڭغان
بىز كۆيۈپ ئوغۇزغا ئايلىنىپ بولغۇچە
يەرنى تۇزلەپ بولغان
ھوۋ...
يەتتە كۈننىڭ يەتتە پەرزەنتى
بىر ھۆجەيرە پادىشاھلىقى!

تەنىنىڭ گۇناھ قاتلىمىغا كىرىش
مەدەنىي ئەللەردە
ئاي سەرسانلىقى"
تېزلىككە كېرەك بولغان قاتىللىق سەرگۈزەشتىسى
ماشىنىدىن چۈشتۇق ئۇچىمىز'

يول بوشاتتى مەيدە تۆكمىز
قاينىتىلغان يالغان چىش
ئەنە كەلدى ھۆكۈمتىمىز
سىملار -ئەس
تۆمۈر -تاكتىكا
ئەينەك -تۇمشۇق
بۇ قاتلامغا ئىزاھ بەرمەك تەس
خورما يەۋاتقان زېرىكىش بوۋايلىرى"
ئەرەب ئەمەس!
قاسساپمۇ ئەمەس!
گۇناھ چۈجىلىرى تۇخۇمدىن چىقتى
بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىنى ئىككىگە ئايرىۋەتتى!
بىرى جەننەت
بىرى دوزاخ
بىرى...
مىلىيون يىلدىن بۇيان چۈجە بېقىۋاتقان مېنىڭ تېنىم
ئۇ ئەتراپىنى سىم توساقلار بىلەن توسۇۋالغان
ھەر ئىككى نۇر ئارىسىغا بىردىن چارلاش چىرىغى ئورنىتىلغان
كۆرۈنمەس قىرغۇچى تەخسىلىرى
تۆت پەسلگە ئوخشايدىغان زەمبىرەكلىرى
نېرۋىلىرى رودىمونتلاشقان ئادەم بومبىلىرى
ئاكوپلاردا ئىشلەۋاتقان قورال توشۇغۇچىلىرى;
قوش ئۇنۇملۇك رادارلىرى...
يەنە
ئىسمىنى ئاتىغىلىمۇ بولمايدىغان بارلىق بىساتلىرى
تەسەۋۋۇپنى قىزغىن سۆيىدۇ)
يىلتىزلىرى ياپىلاقلا ئوخشايدۇ
ھەر بىر قونالغۇسىدا:
ھەر بىر يوپۇرمىقىدا
ھەر بىر بوغۇمىدا)
ماددا بار، مۇزىكا بار، پارچىلىنىش بار
يارىلىش بار، قوشۇۋېلىش بار، ئالماشتۇرۇش بار
ئەتلەس ئەتلىك بالىلىرىدا
قىياتاش بار، ئاغۋات بار
قىياتاشتىكى گۆش پارچىلىرىدا
پارس ئوردىلىرىدىن تۆرك قىزلىرىغىچە
مىڭ بىر كېچىدىن مىتالسىز ئىچكى قۇرۇلۇققىچە
ياۋا ئاتلار كېلەر تاپ بېسىپ
خۇددى خوتەن بىلەن ئاتۇش ئارىسىدىكى يېرىلغان تاش
ياكى قەشقەر بىلەن قومۇلنىڭ ياغاچ بالىياتقۇسى
قورساق بوشلۇقىدا ئېقىۋاتقان ئېلى دەرياسى
دۆڭكۆۋرۈكتە قېتىپ قالغان تۇرپانلىق جوۋان
چۆلنى كۆتۈرۈپ قويقان كروران

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرىسى

شەھەرلىك كاناي گۈلى
تەنلەر ئۈچۈن كېلىشۋاتقاندەك...
قولىمىزدا لاي قونچاق
گۇناھ ئوخشىغان

تەنىنىڭ نەزەرىيە قاتلىمىغا كىرىش

ۋاقىت يېشىل
رەڭلەر نەم
كارىدوردىن كىرگەن گۈل
غۇژمەك -غۇژمەك ئون توققۇز ئادەم
بىز ئېچىلدۇ دەپ ئويلىدۇق
تىكەنلىرى غايىپ بولدۇ دەپ قىياس قىلدۇق
قىياتاش مەملىكەتلىرى بويلىرىنى سۇغا سالغاندا
تىرىپىك بەلباغ ئورمانلىقلىرىدىن
ئىسسىق بەلباغ بەللىرىدىن
تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ئاۋازلار كېلىپ
ئىشتىنىمىزدىكى جان ھەلقۇمىغا
ئازاد بولۇش ھەققىدىكى پەلسەپىلىرىنى تاڭغاندا
مۆرىلىرىمىز تېگىشىپ قالدى'
سۇ سۇنى ئاستىغا باستى
خىجىللىقىمىزدىن گەپ قىلالمىدۇق
قايتا بىر قېتىملىق يارىلىشنى كۆرۈپ قالدۇق'
بەزى بۇلاقلارنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قالدى
بەزى ئارغامچىلار سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى
بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا,
نېپىز ھەم چەكسىز قارا قەغەزگە
ئىبادەت ۋاقتىنى خاتىرىلىدۇق
دۆڭدىن يامىشىپ چۈشكەن شاھزادە
ئەۋرىتىنى پۇل بىلەن ياپقۇچى ئاچماق ئايال.
چېچىنى شەرققە قارىتىپ پۇلاڭلاتتى
ئەلقىسسە:
قىسقىلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشسە
ئۇزۇنلىرى گىرە سالاتتى...
ۋاقىت قارا
رەڭلەر ئاق'
چىۋىن قانىتىدا بەش يىل
ئۇزۇتۇش مۇراسىمىدا كۆكسۈڭنى پۈۋلەپ
سىياسەتتىن تاشقىرى بۆكتۈرمىلەرنى قول بىلەن ياپساق
ئىيىق تاپىنىدا ياغلانغان ئەر
تومۇز كۈنلىرىدىكى سىمۋۇللۇق بەلگىلەر
نېفىت باھاسىنى توغرا كېسىپ ئۆتكۈچى پادىچى تاز
چىڭقىي چۈشتىكى ئېشەكنىڭ مەنۇنلۇقى

بىر پارچە رەختتىكى ئېكسپىدىتسىيە ئەترىتى
تەكلىماكان خىتابنامىسى
ياق!
بۇ تېخى خىتابنامە ئەمەس
دۆلەت ھالقىغۇچى قۇملۇق تۇلكىسى
بارماق ئىزىدىن تارقىتىلغان مۇداپىيە بېسىمى
رادارنىڭ دوستلىشىش ئىستىكى.
زەمبۇرۇخلارنىڭ ياللۇغلىنىش مەۋسۇمى
بېئوخىمىيىلىك چۆچۈش بايرىمى
ياكى بىر پارچە قوي گۆشى
پەرشتىلەر كېلىش ئالدىدىكى!
تام ۋە ئەينەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە
ئالتۇن تىكەنلىك كىرپە,
ۋاقتنىڭ تېرە خالتىدىكى تۆشكىدە,
ئۇچىنچى ۋە ئاخىرقى قېتىم
كۆيۈپ بولالمىغان تەجرىبە سايمانلىرىغا
رەڭلەرنىڭ نەم ھالىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك
گۇيا تۇغۇت ۋە تۇتقۇن قىلىش جەريانلىرىدەك!
خاتىمە

ئالدىمىزدىكى تەن جاۋاھىراتلىرىدا
بىز ئۆزىمىزنى كۆرمىدۇق
پەقەت بىر تاش كولىغۇچى ۋە
بىر پارچە تاش تەرىپىدىن كولانغۇچىلا
رايىشلىق بىلەن تېرىمىزدىن چىقىپ كەتتى
بىز ئەمدى يەتتە قاتلامدىن ھالقىپ ئۆتۈپ
تەننىڭ ئەبەدىيلىك قاتلىمىغا ماڭىمىز
ئاھ... تىمتاس ئەبەدىيلىك...-
بىز سىنى ئەسلا تەسۋىرلىيەلمەيمىز
ئەسلا تەسۋىرلىيەلمەيمىز!

بىر ئائىلىنىڭ تەزكىرىسى
(جاسارەت تاش)
تارىخنىڭ ئاجايىپ زور بۇشۇكىدە،
تەۋرىنىپ چۈش كۆرىدۇ قەدىمىي كۈي.
تەڭرىگە باش ئۇرىدۇ رىزقى تىلەپ،
چىرايى سۇلغۇن ياۋاش بىر خۇداگۈي.
قۇلدا كىرلەشكەن بىر كونا قۇرئان،.
يېنىدا سىرسىز پۇچۇق ساپال قاچا.!

قارايدۇ دادىسىغا بالا مەيۇس،
ئۇ شۇنچە چىچەن،ئوماق لىكىن گاچا....

ئالەمدىن ۋىدالاشتى بوۋاي ئاخىر
خۇداغا ئىبادەت قىلىپ ئۇزۇن زامان.
قىرىنتى تەقدىر چىچەن شۇ بالىنى
ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم بەرمەي زۇۋان.

## ئانامغا مەرسىيە
## ئالاھىدىن ئابدۇرېشىت

ئانا ،تەقدىر قىسمىتى -چاقچاقلارغا يىغلايمۇ ؟
سىنى مەندىن ئايرىغان تۇپراقلارغا يىغلايمۇ ؟!
يىغلاپ تۇرۇپ تۇغۇلدۇم پەر يادىڭغا چىدالماي ،
ماڭا يىگەن شۇ ئاچچىق تولغاقلارغا يىغلايمۇ ؟
جاراڭلايدۇ ئاۋازىڭ ساداسىدا روھىمنىڭ ،
«ئەللەي بالام »دەپ قاتقان قوشاقلارغا يىغلايمۇ ؟
چىچىكى بار گۈلۈڭنىڭ سىغىنچامدا ئىچىلغان ،
باھارىڭدا تۆزىغان ياپراقلارغا يىغلايمۇ ؟
قۇرۇپ قالدىم قەلبىمنىڭ چۆللىرىدە يىگانە ،
كۆز يېشىمدەك سۈپ-سۈزۈك بۇلاقلارغا يىغلايمۇ ؟
ئۆچتى قۇياش سامادىن ،تۈنلىرىمدە يۇلتۇز يوق ،
ئانا ،ئۆزۈڭ ياققان شام ،چىراغلارغا يىغلايمۇ ؟
سەن سۇ بەرگەن قوللار بار ،سۆيۈپ -سۆيۈپ قانمايمەن ،
تاۋاپ قىلىپ تەۋەررۇك ئاياغلارغا يىغلايمۇ ؟
قىزلىرىمدا مىھرىڭ بار ،يۈرىكىڭ بار كۆكسىدە ،
ئىللىق كۈلكەڭ پارلىغان زىناقلارغا يىغلايمۇ ؟
قىلالمىدىم زىكرىڭنى ،بوز تورغايغا دان چاچتىم ،
روھىڭ مەندىن سورىغان سوراقلارغا يىغلايمۇ ؟
ئېڭىكمنى چاتساڭچۇ روملىڭدا «بالام !»دەم ،
چۈشلىرىمدە كېرىلگەن قۇچاقلارغا يىغلايمۇ ؟
ياشارمەن دەپ دۇنيادا سىنى يۇدۇپ- ھاپاشلاپ ،
ماڭا بەرگەن ھىكمىتىڭ -ساۋاقلارغا يىغلايمۇ ؟
كۆز يۇممىغاي ئانىلار ،نالە قىلدىم تەڭرىگە ،
يۈرىكىمنى ئۆرتىگەن پىراقلارغا يىغلايمۇ ؟

59-شۇنداق دۇنيا بۇ -------------------ئەزىم ناسىر
60-خوجا جاھان ئەرشى ---------------ئابابەكرى توختى
61-مەن جەسەت -------------------- تەلئەت قادىرى
62-قۇمۇلنىڭ ئارخىپى --------------------ئوسمان زاھىر
63-ئاھ !!كۆچۈم ---------------مەتمىن توختىياز (سوزۇك )
64-يوشۇرۇن ئاچلىق ئىلان قىلىش ---------------قەيسەر تۇرسۇن
65-ئاشىق نەي چالار ،ئاتەش نەپەستە------------ۋاھىتجان ئوسمان
66-كۆزۈمدە قەترە ياش،ئىزدىدىم سىنى.....................ئەكبەر داۋۇت (تانىھا)

## شۇنداق دۇنيا بۇ

ئەزىم ناسىر

بىر تۇتام دۇنيا بۇ ،
كۆزىگە چوكسەڭ
سىرىنى تەلتۆكۈس بىلىپ چىقسەن ،
گاھىدا ئاقسەن كۆز ياش سىلىدە
گاھىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ چىقسەن .
بىر تۇتام دۇنيا بۇ ،
ياشاش ئىستىسەڭ
گاھىدا قۇياشتەك پارلاپ كېتىسەن .
گاھىدا ئۇمىدلىك قانات قاقسەن
گاھىدا ھاياتتىن زارلاپ ئۆتىسەن .
بىر تۇتام دۇنيا بۇ ،
بىراق چېكى يوق
گاھىدا قاقشايسەن گاھى كۈلىسەن .
ياشاشقا مەجبۇرسەن ،چوقۇم ياشايسەن ،
ھەممىگە كۆنىسەن ،ئاخىر كۆنىسەن .

بىر تۇتام دۇنيا بۇ ،
پەقەت بىر تۇتام
ھەممنى قىلشقا كۆزۈڭ يېتىدۇ .
بەرگىنى بەكمۇ ئاز ئالغىنى نۇرغۇن
قىممەتلىك نەرسەڭنى ئېلىپ كېتىدۇ .

بىر تۇتام دۇنيا بۇ ،
قاتتىق دۇنيا بۇ ،
ئىنسانى ھەسرەتكە چىرماپ قويىدۇ .
ئۇزۇڭگە ئوخشىماي قالسەن گاھى
مەڭزىڭنى ياش بىلەن بوياپ قويىدۇ .

بىر تۇتام دۇنيا بۇ ،
چۈشەنسەڭ ئەگەر
ئەجرىڭگە مۇناسىپ بىرىدۇ گوھەر .
ئالدىساڭ دۇنيانى ئالدايدۇ سىنى
ئالغىنى ھەسەل بوپ بەرگىنى زەھەر .
شۇنداق دۇنيا بۇ !
ئويغاق دۇنيا بۇ !
ئەخمەق دۇنيا بۇ !
قارغىش دۇنيا بۇ !...

خوجا جاھان ئەرشى
ئابابەكرى توختى

ھېيتكاھقا تەگمەيدىكەن ئوق،
سەن كۆكسۈڭنى تۇتقاچقا ئوققا.
بۇ ئوقلار
تېشەلمىگەن يەنىلا،
ۋەتەن سۆيگۈسىگە تولغان يۈرەكنى.

ياۋلار كالىلدىن تىكلىگەن مۇنار،
رىۋايەت تۈيۈلار ئەمدى ئۇ بۇگۈن.
ھىس قىلغان .ئادەملەر ئاشۇ منۇتلار،
كالىلدىن ئايرىلىسمۇ ئانا ۋەتەندىن،
ئايرىلىشنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكىنى.
قان بىلەن يېزىلغان دوستۇم بۇ تارىخ،
بەدەل كېرەك ئۇنى ئوقۇماق ئۈچۈن..



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

خوجا جاھان ئەرشى
تاشلاپ كەتتى شۇنداق بىر ھېكمەت:
قورال بىلەن قوغدىيالمىغان ۋەتەننى،
شېئىر بىلەن قوغداش مۇمكىندۇر، مۇمكىن...

## مەن -جەسەت

تەلئەت قادىرى

مەن بىر جەسەت -مەن بىر ئابىدە ،
تۇن قوينىغا قىزىلغان قەبرەم .
تەلۋە سۈپەت غالجىر بورانلار ،
ۋەيران قىلسا قەبرەمنى ھەردەم .
غاجىلىسا قۇرت-قوڭغۇزلار ،
ئالسا قاغا -قۇزغۇنلار چوقۇپ .
تۈن قوينىدا ئېزىلىقان ئىلاھ ،
كۆمۈپ قويار ناخشىلار ئوقۇپ .

يەم بولغاندا لىكىن ھاياتلىق ،
ئۆچۈۋاتقان زەئىپ گۆگۈمغا .
تىرىلەرمەن يەنە قايتىدىن ،
لەشكەر تارتىپ تاڭدىن ئۇپۇققا .

1988-يىلى 8-ئاي

## قۇمۇلنىڭ ئارخىپى

ئوسمان زاھىر

ھېچكىمگە تىنمىدىم بۇ كەلگۈلۈكنى ،
بىر قەبرە كولانغان بوسۇغامغىلا .
چىن مودەن ،مەردانىي ساقلىدى باغداش ،
سۆيگۈ بۇ قۇمۇللۇق قىلغان ئىختىرا .

بۇغدايدەك ئورۇلغان 66 جان ،
ئۆمەرنىڭ تىغىغا بەرگەن جاسارەت .
چېرىكنى ھەرياندىن سوقىدۇ ياچى ،
شېھىتنىڭ قېنىدىن كەتمەس ھارارەت .
سۇغۇرۇپ ئالغاندا يۇرەك باغرىنى ،
مىت قىلىپ قويمىغان كۆزىنى راجى .
بىر ئەرۋاھ سوزلەيدۇ ئاقچۇق سېپىدا :
«ياچىنى ساتقىنى خائىن سامانچى ».
رەڭ بەردى قەبرىگە ،يېشىل گۇمبەزگە ،
پالۋاننىڭ ئارمىنى ،يۇلغۇن گۇللىرى
زىنداندا چۇمۇلە بىلەن گەپلەشكەن ،
توختىنىڭ يولىدا قاۋان كۆپ ئىدى .
چۇش كۆرەر يۇلغۇنى ئارا يۇلتۇزنىڭ ،
ھاشاردىن يوللارنىڭ سۇنغان دۇمبىسى .
«شىڭشىڭشىيا »تۇغۇلغان شىرىن ئازاپتىن ،:
ناخشىدىن ئاۋۇغان ۋاڭنىڭ قايغۇسى .

ھەسرىتا ،تەڭگىدىن ئوقنى ئۆتكۈزگەن ،
پالگاننىڭ قەبرىسى مەستلەرگە ئۇۋا .
كىم سېنى بەختسىز ،دەيدۇ قۇمۇللۇق ،
ھەر تۇكۇڭ يۇز يىللىق كەچمىشكە گۇۋاھ .

## ئاھ كۇچۇم

## مەتىمىن توخنىياز سۇزۇك

ئاھ كۇچۇم .ئاھ ،ئۆز كۇچۇم !نېمەت ئىكەنسىز مىسلىسىز ،
سەن بىلەن ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇشنى ئۆتكۈزدۇم لەزىز .
تەندە سەن بولغاچ ماڭا مېھنەت ئازابى بولمىدى ،
سەم مىنىڭ يۇزۇمنى ئاق قىلدىڭ بېشىمنى ھەم ئېگىز .
سەن بىلەن مەغرۇر نەپەس ئالماق مۇيەسسەردۇر ماڭا ،
چۇنكى مەن قۇردۇم ھاياتنىڭ قەدرىگە سەندىن نېگىز .
خىسلىتىڭنىڭ ئۇندا بىرىنى ئەگەر قىلسام بايان ،
سەن بىلەن كىتاپ يېزىلدى ،كۆكلىدى باغۇ ئېتىز .
بىلمىدىم قەدرىڭنى مەن جىسمىمدە بارىڭدا تولا ،
گەرچە ئاز قىلدىڭ ،بىلىندىڭ سەن بۇرۇنقىدىن ئەزىز .
ئى سۇزۇك يۇقتۇر ئۆمۇرنىڭ توھپىسىز ھېچ قىممىتى ،
كۇچ چىقار قالسۇن دېسەڭ ،ئومرۇمدىن ئەلگە تۆھپە -ئىز .
1953-يىلى

## يوشۇرۇن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىش

قەيسەر تۇرسۇن

مەن ئۇزاق قوغلىدىم قەيسەر تۇرسۇننى
قايتۇرۇپ كېلەي دەپ قەبرىگە تىرىك.
يوشۇرۇن نازارەت قىلماقتا ئۇنى
تىپتىنىچ يوللاردا قاتمۇ قات ئىشىك.

ئوتتۇز يىل مەن قوغداپ كەلگەنتىم ئۇنى،
زۇكتۇكنى قوغدىغان لەشكەردەك گويا.
مەن ئۇنىڭ قېنىنى تۇراتتىم ئىچىپ،
ئۇ مىنىڭ قېنىمدىن ياشايتتى دورا.

ھىچكىمگە بەرمەيتتىم دورىنى، بىراق
ئىچەتتۇق ئىككىمىز تۈندە بىمالال.
ئۇ مېنىڭ ئالدىمدىن قېچىشتىن بۇرۇن،
مەن ئۇنىڭ تېنىدىن قاچقانتىم ئاۋال.

بار ئۇنىڭ ھەممىدىن روشەن بەلگىسى،
سۆيگۈ دەپ يىغلايدۇ مەخپىيى شۇ قەدەر.
دېڭىزدىن شىددەتلىك بىر تامچە يېشى
ئاھ، ئۇنى ھەممىدىن ئاجىز كۆرسىتەر.

تەشنالىق ئىلكىدە كۈتمەكتە ئۇنى،
ئىشىكسىز ئۆيلەردە ھەيۋەتلىك قۇلۇپ.
ئۇچرىتىپ قالساڭلار ئېيتىڭلار ماڭا،
يا مېنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار تۇتۇپ.

## ئاشق نەي چالار ،ئاتەش نەپەستە

ۋاھتجان ئوسمان

ئۇخلمايدۇ بەلكى بۇ ئاخشام ،

گۈل قتىدا بىر جۈپ كېپىنەك .
تۇتاشماقتا ئوتقا ئايلىنىپ ،
ئوت قېتىدا بىر جۈپ ئوت يۈرەك .
قوشۇلماقتا دۇنياغا دۇنيا ،
توكۇلمەكتە سىرلار سەۋرىسىز .
ھېچنىمە يوق مېھردىن ئۇلۇغ ،
باھار بولماس بەلكى سەرۋىسىز .

ئېشكىنى چەكتىم جەننەتنىڭ ،
قۇچاق ئاچتى ماڭا گۈل نەپەس .
روھنى پاكلاپ چۈشۈمنى تاپتىم ،
ئەمدى بۇ چۈش كۆرۈپ تۈگمەس .

چۆچەكتىكى ئاچماق يولنىڭ ،
قالدى يىراق بارسا كەلمىسى .
ئەقدەمدە ئالتۇن چايقىدىم ،
تىللا چېچەك ئاچار كەلگۈسى .

كۆكلەم ياتار مەنزىلگاھىدا ،
قاباھەتتىن ئۈركگەن قۇشنىڭ ..
بۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس گۇناھى ،
روھى بولغان سوزدە بېھۇشنىڭ .
ئۈچۈرىششنىڭ ئوتى قېتىدا ،
سەمەندەردەك يارالدىم قايتا .
بىر باھارنىڭ تۇمۇرلىرىغا ،
زىبا بولۇپ تارالدىم قايتا .!
ئۈچۈرىشىشتىن كۈلەر مۆرۋۋەت ،
ئۈچۈرشۈشتا ھۆرلۈك سىماسى .
ئايلىنىدۇ ئالتۇن ۋادىغا ،
ئۈچۈرشۈشتا سۆيگۈ دۇنياسى .

ئاتىشگاھدە سۆدەك ئېرىدىم ،
كۆۋەچىدىم ئېرىقتا پىنھان .
شەبنەم بولۇپ تامچىغىن ماڭا ،
كېتەي سۆيگۈ ئارىلى تامان .
ئۇ يەرلەردە سۆيگۈ ئىلاھى ،
بىزنى ئالار ئوتلۇق باغاشقا .
تىنىقلاردىن ھۆرلۈك بالقىيدۇ ،
گۈل ئۈنىدۇ قاپقارا تاشقا .

گۆزەل خانىش بولىسەن ئەركەم ،
ياسىنىسەن شەپەقتىن چوغدەك .
ساداقەتنىڭ مەبۇدى بولۇپ ،

لەپىلدەيسەن ئۇپۇققا تۇغدەك .

لەۋلىرىڭدىن يۇلتۇش توكىلىپ ،
ئاي تۇلۇنلار ھاياجىنىڭدىن .
ھاۋا ئانا قايتا تىرىلەر ،
ئۆركەش ياساپ ئاققان قېنىڭدىن .;

ئۇ يەرلەردە سىنىك بىلەن مەن ،
ئەسلىمىزنى تاپىمىز قايتا .
قوشۇلغاندەك ئېقىنغا ئېقىن ،
ۋەسلىمىزنى تاپىمىز قايتا .

3

تىنىڭقىڭدا ەۋلىنىك ھىدى بار ، `
قۇچىقىڭدا مىك گۈلگۈن باھار .
باغاشلىغان روھىڭنى دۇنيا ،
بىر بېقىشىك مىك يۇلتۇش تۇغار .
سېنى سويسەم ھېسلىرىم ئاتلىق ،
تىلىك تۆكەر گۆھەر-دۇردانە .
ساڭا كويۇش نىسىپ بولۇپتۇ ،
چولپان بولۇپ چاقناي يىگانە .

قىلىقلىرىك لال بولسۇن يۈرەك ،
سالام بەرسۇن كۆكلەم ۋادىسى .
يىمرىلسۇن "ئايرىلىش "دىگەن ،
بۇ ئاشىقنىك قەسەم ،ۋەدىسى .
سەن يىغلىساڭ دۇنيا يىغلايدۇ ،
ئەگەر كۈلسەڭ جاھان رەڭلىنەر .
زىمىستاننى قوغلار نەپىسىك ،
باغرىڭدا بار مەڭگۈلۈك باھار .

قاشتىشنى چايقىغان دەريا ،
ئۆتكەن ئېقىپ ئىشىك ئالدىڭدىن .
ئاڭا جۇرداش ئېيىتقان ناخشىلار ،
كەتمىگەندۇر تېخى يادىڭدىن .

ناخشا بولۇپ يارالغان ئۆزۈڭ ،
ئەمما مەندىن ئۆزگە ئېيىتمىسۇن .
بەخت كۈلسۇن ھەممە دىللاردا ،
دەرتتە ھېچكىم مۇڭ يىغلىمىسۇن .

سەھەر بولۇپ كۆك ئاسمان يايسام ،
قۇياش بۇلۇپ نۇر چاچارسەنمۇ ؟
دەريا بولسام ،قېنىڭغا پاتماي ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قاينام ياساپ بىر تاشارسەنمۇ؟
بولسام ئەگەر دەشتى باياۋان ،,
شامال بولۇپ ئەكىلەرسەنمۇ ؟
يۇشۇرۇنسام بۇلۇت كۆكسىگە ،!
قانات ئۇرۇپ پەپىلەرسەنمۇ ؟

چېچەك بولسام باغدا بىر تاللا ،
ئىزدەپ تېپىپ كېلەلەرسەنمۇ ؟
تەشتىكىگە شۇئان كۆچۈرۈپ ،
دېرىزەڭگە ئېپ قويارسەنمۇ ؟

دەرۋىش بولۇپ چالسام ساپايە ،
ھىجرانىمغا چىدالارسەنمۇ ؟
ئوتنى بىرىپ ،ئوتۇڭنى ئالسام ،
تولغانماستىن ئۇخلالارسەنمۇ ؟
سىر قاتمىسۇن باغرىڭدا داغدەك ،
ھەممىمىزنى قىلغىن ئاشكارە .
بولسىمۇ گەر قامىتىڭ تاغدەك ،
دەرد يۈرەكنى قىلىدۇ پارە .,

6

ئالتۇن چايقىغان سۇغا سالساڭمۇ ،
بىلىق بىلىقدانىنى دىگىز دىمەيدۇ .
زۇمرەت تاۋاقتا ئاش بەرسەڭ ئۈچ ۋاخ .
كۆڭلى تارتمىغان زىنھار يىمەيدۇ .
مەرمەر تۇۋرۇكلۇك ئايۋان -سارايغا ،
ئاشىق داق يەردە يېتىپ بىنەزەر .
ئۆزى سۆيۈنگەن قۇش تىلى ئەتىۋار ،
يىنىدا تۇغسىمۇ سەمەندەر گۆھەر .
زەرباب كۆشەكتە ،تىللا ياستۇقتا ،
جىسمى ياتقاننىڭ روھى ئۇخلىماس .،
ئاشىق نەي چالار ئاتەش نەپەستە ،
تاك سۇزۇلگىچە ئۈنى توختىماس .
نەقەدەر شېرىن چۈشىدە سۆيۈش ،!
دېگىزنى بىلىق ،ئاشىقنى مەشۇق .
ھاياتنىڭ شۇندا بولۇر مەناسى ،
تۈننىڭ باغرىدىن ئىزدىسە يورۇق ،

سۇكۇناتلىق تۈن -غەبلەت پەسلىدە ،
بىلىق بىلىقداندا غەمكىن مۇڭلىنار .
فىرئەۋننىڭكىدەك ئالتۇن قەسىردە ،
ئۈنسىز ياش تۆكۈپ بىر قىز تولغىنار .

## كۆزۈمدە قەترە ياش،ئىزدىدىم سېنى

### ئەكبەر داۋۇت تەنھا

كۆزۈمدە قەترە ياش ،ئىزدىدىم سېنى،,
تاشلاندۇق بوۋاقتەك تىلسىز ۋە ئانىسىز.
ئىجتىھات يۈرەككە كۆمۈلدى چوڭقۇر:
شېئىرسىز روھىم چۆل،سۇسىز،گىياھسىز..
ئارزۇلۇق تەقدىرلەر پۈتۈلمىدى ھېچ
كەچمىشنىڭ تىز يۈتەر ۋىسال تېڭىغا.
بەدەللەر تۆلىدۇق زادى قانچىلىك؟
بۆسۈپ كىردۇق بىز زادى كىمنىڭ ئېڭىغا؟!
لەيلىگەن ياپراقلار...تامچىدۇر،تامچە،
ئۇ سېنىڭ ئاداققى ھېجران يېشىڭدۇر.
شامالار قولىدا تارار چېچىڭنى
ئۇ سېنىڭ قىش ئۈزرە تەنھالىقىڭدۇر!
ئاپئاق قار چۈشمەكتە ئاقارتىپ روھنى
ئۇ سېنىڭ كۈز بېغىڭ،بولغىنى خازان.
كۆك مۇزدا سۇنماقتا قوياشنىڭ نۇرى
ئۇ سېنىڭ كۆز نۇرۇڭ،ئۆچكىنى تامام....

تۈگەتۇق بىز ئاخىر ھاياتنى ياشاپ
سۆيگۈ داستانىمىز پىنھان يېزىلدى.
بىلمىدى ھېچكىممۇ خوشلاشتۇق جىمجىت،;
بىلگۈچى بىر سۋائۇزاق يىغلىدى....

67-بىۋاپا --------------ئابدۇللا ياقۇپ
68-تەكلىماكان ،خوراز،ئۇرۇمچى -----------ھەببۇللا توختى
-69 قىشتىكى ھەمراھ ............................زاماندىن پاكزات
70-شەرىق باياۋىنى ----------------ئەكبەر سالىھ
-71 بار مەندە پەقەت ....................................ئەسقەر ياسىن
72-ئادەم ------------------ئايگۇل ھەمدۇللا
73-ئاچا يول ----------------مۇسا ئەھەت `
74-جىمجىت ئاۋاز -----------ئىلھامجان ئابلىز

75-قىينىلىش ------------------مۇختەر سۇپۇرگى
76-يەتتە قىزلىرىم ------------------مۇتەللىپ جۇماخۇن
77- ئاتىلارنىڭ كۈنلىرى-------------مۇتەللىپ سەيدۇللا
78- مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى-----------------مۇختەر بۇغرا
79-مۇشۇ يەردە بىر ئېيز بار --------------غەنى رەشىدى
80-كېچىدىكى زىمىن ---------------پەرھات كازىمى
81-ھازىرقى زامان مەڭگۈ تىنىشى --------------ئەلى غوجاخۇن ,
82-غەزەللەر ----------------ئابلىز ئوسمان

www.uyghurkitap.com

بىپەرۋا
ئابدۇللا ياقۇپ

بىرسى دىدى ،مىنى زەر گۆھەر ،
بىرسى دىدى،كىرەكسىز چالما .
بىرسى دىدى،مېۋىسىز بىر شاخ ،
بىرسى دىدى ،قىزارغان ئالما .

بىرسى مىنى ئۇستاز دەۋىلىپ ،

يۈرىگۈمگە دەرد -ئەلەم سالدى .
كۆلكىسى يالغان سورۈن تەلەتلەر ،
يۈرۈگۈمنى مۇجۇپ كۆڭلۈمنى ئالدى .

ئويلاپ كورسەم خىلمۇ -خىلمۇ ئىش ۋە-،
خىسلەتلەرگەتولغانلىكەن ئالەم .
بىرنى ياخشى دەپ ،بىرسىنى يامان ،
ئوتكۈزەركەن ئومرىنى ئادەم .

ماختىغانغا ئۇچۇپ كەتمىدىم ،
تىللىغانغا قىلمىدىم پەرۋا .
دەرد تارتتىم ئەمما ،ئولۇم كەتمىدىم ،
كەلگ قوساقلىق بولدى ماگا ھەمرا

تەكلىماكان ، خوراز ، ئۇرۇمچى
ھەببۇللا توختى

چەكسىزلىك چەكسىز
چىچىلغان ماكان ،
ئاتا تۇتاشقان _
ئاخىرقى زامان .
ئەجەبمۇ سىرلىق بۇ تەكلىماكان .
بۇ تەكلىماكان _
ئۇيقۇغا چۆمگەن
ئۇيقۇسىز شەھەر .
جۇشقۇن جەسەتتەك
تۇيغۇسىز شەھەر ؛
ياتار پەرۋاسىز ،
تالايدۇ بوران ،
ھۇۋلار شۇرغان . . .
* * * * *

بۇ تەكلىماكان _
كۆز ياشقا يىقىن ، !
دېڭىزدىن يىراق ؛
مەرمەر دېڭىزى ، ;
ئاتلانتىك ئوكيان ،
بەكمۇ يىراقتا .
نەمخۇش ساھىللار ،
دالا تامىقى ،
بىر مۆتىۋەرنىڭ ئېسىل قارمىقى ،
غەمسىز ئوقۇلغان ئەركىن ناخشىلار ،
يوقتۇر بۇ يەردە .
چۈنكى بۇ قۇملۇق ماكالماس قېيىق ،
سۇسىز چۆل دېمەك يوق ئالتۇن بېلىق .
توغراقزارلىقتا بولۇشى مۇمكىن _
پادىشا تۈلكە ، مەدىكار ئېيىق ،
بوۋام ئېيتقاندەك . -
* * * * *

بارخان باغرىدا ئۇيقۇچان مەھەللە .
پەرىشتە كەلسە چىللايدۇ خوراز .

جاڭگالغا ماكار

پادىچى بالا ، بىر توپ مۈك كالا .
ناخشا توۋلىغاچ _
غەمكىن ئوتتۇنچى ماكار ئوتتۇنغا : !
>> ئاھ خۇدا بەندەم دېسەڭ ،
تۈزچى ، ئوتتۇنچى قىلمىغىن .
ئالتە ئېشەكنى ھەيدىتىپ ،
چۆللەردە ۋەيران قىلمىغىن >> .
پۈتلىرى ھارماس ئۇلاق ،
بىلىكى ياستۇق ئاكا .
دۆۋە قۇم دەل پەر تۆشەك ،
چىقسا ئاي - نۇرلۇق چىراق . . . !
خوراز چىللايدۇ . . .

* * * * *

قۇرۇپ قالغان ئاپئاق ئىسكىلىت ،
بەكمۇ مەغرۇر ياتار ھىجىيىپ ،
ئاۋۇل تىكىپ ساتۇق بۇغرا خان _
گۈلخان سىلىپ ئۆتكەن دالىدا .
ئوتتۇنچىنىڭ جەستى چوقۇم ،
بەش بالىسى كۈلۈك ئالدىدا .
تېپىلمايدۇ ئەمدى بەربىر ،
كەر بالانى نۇرغا تولدۇرغان _
ھۆسەينەمدەك مەڭگۈلۈك جەسەت .
بۇ قانداق جەسەت ؟
ئۇ قانداق جەسەت ؟
بولدى قويغىنا ،
جەسەتكىمۇ قىلمايلى ھەسەت .
* * * * *

ماكا ئەگەشمە كۆكۈلىسز پاراڭ ،
سورىساڭ مەن بىر سۆيۈملۈك ساراڭ .
ئىزدەپ يۈرىمەن ھىلقى شەھەرنى ، ,
خوراز چىللىغان نۇرلۇق سەھەرنى .

* * * * *

بوۋاينىڭ سۆزى :
سۇلايمان ئەلەيھسسالام
قوشۇن تارتقانچە كەلسە بىر جايغا ،
سىپىل ئالدىدا ئېگىز بىر مۇنار ،
مۇنار ئۈستىدە بىر سەگەك خوراز _
چىللاپتۇ ، شۇ ئان باشلىنىپتۇ جەڭ .

مومايىنىڭ سۆزى :
خورازسىز ئەل ئاداشقان پادا ، .
ئەتراپىدا چىلبۆرى ھۇۋلار .
ئەركەك مىجەز سەگەك خورازدىن
يالماۋۇز ھەم ئىبلىسمۇ قاچار .
ئاڭلىغىن بالام ،
چىقما تالاغا نەسلىك گۇگۇمدا
توغراقلىق ئارا جىن - شاياتۇن بار .
يالماۋۇزمۇ بار _
چىنتۆمۈر ئاكاڭ چاپسا شەمشەردە ،
ھەر بىر بېشى مىڭ بوپ يارالغان .
نەۋرىسى ئېيتار :
ئېيتقىنا موما
شۇنچە كەڭرى تەكلىماكاندا
بۇرۇنلاردا يوقمىكەن خوراز ؟ !
موماي كۆزىگە ياش يۇقار شۇ ئان :
كەچۈرگىن بالام جىنلار ئۆزگىرىپ _
خوراز ئالدىغا بوپ كەلگەن مېكىيان .
ئاتقان چېغى تاڭ
ئاچچىقلاپ بالا غىلتاڭ خورازلارغا ،
تاش ئاتقاچ ئاڭا ،
يالىڭاياقلا ماڭار مەكتەپكە ، !
موماي قالدۇ كۈلۈك ئالدىدا .
* * * * *

لايپاس ئاققان لاي سۇلۇق ئۆستەڭ ،
مىسىردىكى نىلغا ئوخشىماس .
نىل قۇيۇلار ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە .
بىراق ئۇ جايدا
دىللار چاڭقاق ، نىلمۇ توختىماس .
پۇراپ تۇرغان قۇمچاقلىق كۆلچەك
ئوخشىماس ھەرگىز _
ئالانىڭ ئەلچىسى ئۇلۇغ مۇساغا ، ,
( سالام ئۇ زاتقا )
خوراز چىللىغان نۇرلۇق سەھەردە ،
ماماتقا باي قايناق سەپەردە ،
ئۆز قويىنىدىن يول بەرگەن دېڭىز _
قىزىل دېڭىزغا .
قىزىل دېڭىز مويسىپىت دېڭىز ،
دولقۇنلىرى تەلۋە قىسمەتتەك ،
سۈيى ئاچچىق چىن ھەقىقەتتەك .
قوينى داغدام يول كەلگەندە مۇسا ،
پىرئەۋن شۇ سۇدا جېنىدىن جۇدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تەلۋە پىرئەۋنى
ئۆزى پەيلەپ چوڭ قىلغان بالا
ئۆنى ئۆلۈمگە باشلىغان مۇسا .
ئۆنى ئۆلۈمگە باشلىغان مۇسا _
ئۆزى پەيلەپ چوڭ قىلغان بالا .
ئەجەبمۇ ئاچچىق ھەقىقەت دېگەن .
بىراق بۇ جايدا ،
لاي سۇلۇق ئۆستەڭ _
كۆتەر شاۋقۇنسىز ،
خوراز چىللىسا ئېتىزغا ماڭغان _
ئورۇق ئۆكۈزنى ، غەمكىن قوشچىنى ، :
چاڭقاق پادىنى ، ;
دەرستىن قالغان گۆدەك بالىنى .
توغراق چىراي ، قويدەك مۆڭ بالا ،
قۇلاق سال ماڭا !
سەندەك چاغدا _ گۆدەكلىكىدە
بەكمۇ جەسۇر ، شوخ ئىدى مۇسا . . .
جاۋاب :
پاك ساددىلىق بۇلغىغان جاي بۇ ،
مەلۇن پىرئەۋن چۈنكى بۇ جايدا _
باقماپتىكەن مۇسا كەبىي شوخ ،
جەسۇر ، زىرەك بىرەر مەرد بالا .

خوراز چىللىسا چىقىدۇ قۇياش ،
قانغا بوياپ چەكسىز بارخاننى .
مەكتەپنىڭ يولى يېتىمسىرايدۇ ،
<< قىرى ئەپەندى >> ھالسىراپ كېلىپ _
ئۆيىنى سورايدۇ .
قوناقلىق بىلەن قاچىدۇ بالا ،
كۆتەر ئېتىزدا ئاتا ، قوش ، كالا .
خوراز چىللايدۇ ،
ئۆتەر يىللار
ئاۋاتلاشقانچە ھاشارنىڭ يولى .

گۆزەل ئۈرۈمچى خورازسىز شەھەر ،
مۆزدەك باغرىڭغا
ھېسسىياتسىز چۆقانلار بىلەن
غالجىرلارچە كىرەر باستۇرۇپ .
تۈتەك باسقان خورازسىز سەھەر .
ئوخشايمىز شۇ چاغ
ئۆزىمىزگە ، بىر - بىرىمىزگە ؛
ئارقا كوچاڭ قەلبىمىزدۇر دەل
چىرايىمىز پار - پۇر بىنايىڭ ،

نېرۋىمىزدۇر نەغمە - نەۋايىك . !
جاھالەتنىك شېرىن كەيپىدە _
ناخشا توۋلاپ تۇرۇپ چىقارغان
تىنىقىمىز تۈتەك ھاۋايىك . . .
روھىمىزغا ئوخشايدۇ ئەجەب ،
بايلار كىرمەس ، مۇساپىر تولا
بەكمۇ رەڭدار غېرىب مەسچىتىك . . .
* * * * *
سورىساڭ گەر مېنى ، مەن پەقەت _
قوينۇڭدىكى بىر گۆدەك بالا .
قاراپ باق ماڭا :
ئارمان قاچىلاپ خۇرجۇنلىرىمغا ،
كۆزۈمدەك خۇنۇك جەنۇبتىن كەلدىم .
ئەشۇ جەنۇبتىن ئۇزاتتى دادام
سىيلاپ بېشىمنى _
تارىخىمىزدەك قاداق قولىدا .
ئۇزاتتى ئانام ،
سۇ ۋە دۇئا ، سۈتتە يۇغۇرۇپ ،
مېھرىدەكلا ئاتەش تونۇردا _
تاۋلاپ توقاچنى .
مۇز رەڭ شەنبە ، مۇز رەڭ ياتاقتا
بۇ قۇياشسىز جۇل ئۆرۈمچىدە _
ساندۇق ئۈپۈقۈم ، شۇ توقاش _ قۇياش .

قالدى قەشقەردە
مەغرۇر ھېيتگاھ ،
لاي ئاققان تۈمەن ،
تەمكىن << ئوردا ئالدى >>
ياسانچۇق سەمەن .
ھېيتگاھ ئالدىدا قالدى تىزىلىپ
مىسكىن مەددىكار ، ئۆكتەم تىلەمچى ،
نوچى تۇماقچى ،
چىبەرقۇت يۈزلۈك كۇلالچى بوۋاي ،
ئوغلى ھوقۇقدار قېرىماس موماي .

* * * * *
خىلۋەت پېزامدا
ئوماق پاقلىنىم ئوينايتتى تاقلاپ ،
كەپسىز ئوغلاقلار قېچىپ ناينالاپ ،
قەلبىمدەك سۈزۈك ئېقىن بويىدا .
مىسكىن كەپەمدە بوۋامدىن قالغان _
قېرى خورىزىم چىللايتتى تاڭدا .

* * * * *

يەر شارىنىڭ قۇرغاق لېۋىگە
قىستۇرۇلغان شېرىن موخۇركا _
بەدبۇي سانائەت ،
ئاتىلىقنى ئايرىپ ئاتىدىن ،
ئاتىسىزنى يوق قىلدى تامام .
دۇمچەك بولۇپ يۆتەلگەچ شەھەر ،
ئىپلاس راكتىن بەرگەندەك خەۋەر ،
ئۇرۇمچىدىن كەتتى يىراقلاپ ،
خوراز لەرزان چىللىغان سەھەر .

* * * * *

گۆللۈك قەپەس كۆندۈرگەن يولۋاس ،
ئۇخلاپ ياتار بىر كۈن كەچكىچە .
مىجەزىنى يوقاتمىغان شىر _
خىرىلدايدۇ ئادەم كەتكۈچە .
گۆش چوقۇلاپ ئاۋارە بۈركۈت ،
بۆرە سۆڭەك غاجار يانپاشلاپ .
تىپىرلايدۇ مىسكىن توشقانلار ، !
قەپەسلەرنى يۇمشاق تاتىلاپ . .
ھەشەمەتلىك قان رەڭ قەپەستە ،
مەرۋايىت دان چىچىلغان پەستە ؛
توك چۆجىسى _ ئاتىسىز خورازلار !
چىللىيالماي تۇرار شۈمشىيىپ ،
توڭ قاغىدەك قىلىشىپ غاق - غاق .
چىللاپ كەتتى باشقىلار قانداق ؟ !
ھەم ئاتا ھەم ئانىسىز جانىۋار _
چىللىيالماي ، دان يەپ ، غاقىلداپ _ !
ناچىنىسقا ئايلىنار شۇنداق .

* * * * *

نۇرلۇق ئېرانىڭ بوسۇغىسىدا ،
بىر - بىرىگە قاراپ شۈمشىيىپ ،
قېتىپ قېلىشقان
شەھەرسىز خوراز ، خورازسىز شەھەر .
تەلۋە ، مىسكىن بۇ گۈزەل شەھەر ،
تەبىئەتتىن يىراق بىر جايدا ،
بىر بوۋاينىڭ تەمكىن چۈشىدە :
تاش يۈز ، تاش قول ھەم تاش يۈرەكلىك ،
تاش كۆزىدە شىغىل يىغلىغان ،
نادانلىقنىڭ قاتلاملىرىدا _



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇخلاپ يېتىپ تاشقا ئايلانغان
تاش بەدەنلىك ، تاش ھېسسىياتلىق _
دېمەككى _ تاش ئادەملەر تولغان _ '
تاش شەھەرگە كەتتى ئايلىنىپ .
1999
- يىل ئاپرېل - ماي ، ئۈرۈمچى

## بار مەندە پەقەت

## ئەسقەر ياسىن

يوق مىنىڭدە ئەسەبى شاتلىق ،
يوق مىنىڭدە زىياسىز سۆكۈت .
يوق ھېچنىمەم !
باردۇر پەقەتلا

بەك قىممەتلىك ،بەك تاتلىق ئۈمىد .
ھەسرەتلىنىپ ياققان يامغۇرغا ،

نىمە دەرمەن دىل ئاۋۇندۇرۇپ .

تالاي سەھەر ئۆتتى شەپىسىز ،
تال -تال نۇردىن رىۋايەت توقۇپ .
چۈش مۈكلۈنۈپ قالغان بۇ ئەسنا ،

گۈلگۈن ھايات ئىز سالار قايان

نوە قالدۇرۇپ كىتەر نىمنى ؟،

يەنە باسسا دۇنيانى توپان .
كۆتكەن خىسلەت يوق مەندە ئەسلا ،
يوق بەستىمنىڭ ھىچقانچە سىرى .
ئورۇن ئالغان دىلىمدىن پەقەت ،
كوركەم  نۇرلۇق ئۈمىددىن بىرى

مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى

مۇختار بۇغرا

سەن كېلىپلا تاش ئاتتىڭ ،
مەن تىنچلا كۆل ئىدىم .
سەن بەرگىمدىن سىلكىدىڭ ،
خىلۋەتتىكى گۈل ئىدىم .

شاھمۇ بولۇپ كەتمىدىم ،
يا ماكانسىز مۇساپىر .
گادايى قىلغان شاھ قىلغان ،
مۇھەببەتقۇ بەرىبىر .

خىيالغىلا مەنسۇبمۇ ،-
گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى .
ئازاپ چېكىش خىلۋەتتە ،
مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى .,

ئاتىلارنىڭ كۈنلىرى

مۇھەممەتجان سەيدۇللا

ئېغىز ئاچسا تەۋرەر ئىدى بۇ ئالەم،
ئەجەپ ئاجىز تىترەپ چىقار ئۈنلىرى.0
شامال يالاپ ئۈپىرىغاندەك قىيالار،
ئاستا-ئاستا ئاتىلارنىڭ كۈنلىرى...
بۇ شەرمسار،رەسۋا زامان كىتابى ،
خۇمسىلىقتىن،يۈزسىزلىكتىن ئاچتى بەت.
ئايالمۇ يانار بولدى ئەيمىنمەي،
ئاتىلارنىڭ قىسمەتلىرى نىھايەت...
يىقىلغاندەك ئېگىز، مەزمۇت چىنارلار،
ئۈچار ھەريان ئاجىز ، سەرسان ياپىراقلار.
مىنسەك ئاتقا ئاتىلاردەك مىنەتتۇق،
ئوينىتاتتۇق ئاتىلاردەك ياراقلار

ھازىرقى زامان مەڭگۈ تېشى

## ئەلى غوجاخۇن

زۇلمەت ئارا ئۇچۇپ كەلدى بىر توپ قۇش،
بىز بىلمەيمىز ئېپكەلگىنى بەختمۇ؟
تاش پارچىلاپ ئېلىپ كەتكەن ئادەملەر،
يۈرەكلەرنى ئېلىپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟

كۈنچىقىشتىن يېنىپ كەلگەن قەبىلە،

يۈزلەنمەكتە پاجىئەلىك تەقدىرگە.
قاقشال بولغان قەلبىمىزدىن يىراقلاپ،

قۇم ئۇستىگە يېزىلماقتا خاتىرە

## غەزەللەر

## ئابلىز ئوسمان

كۆكۈلنى بەرمىسەم دىلبەر شەمس -كۈندەك كۈلۈپ باقتى
زىمىستان -مۇز بولۇپ قاتسام ماڭا دەريا كەبى ئاقتى .

قىزىق ئىش گەر بولۇپ ئاشىق ئۇنىڭ ۋەسلىگە تەلمۈرسەم ،
تەرەپپال قاڭقىغان تاشتەك كۆڭۈلنىڭ ئەينىكىن چاقتى .

ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ھەردەم مۇھەببەت دەشتىدە يۈرسەم ،
بولۇپ پەرۋانە شام ئەيلەپ يۈرەكىمگە يۈرەك ياقتى .

دىلىمنىڭ مەيلىدىن سۆيگۈ بېغىمنى كەڭ ئېچىپ بەرسەم ،
بىلىپ بى ئەتىۋا ئالىمام ئېتىپ داڭگال ئۇرۇپ -قاقتى .

مۇھەببەت نەسەۋەپ ئوتتۇر ۋەياكى يامىرىغان جۇتتۇر ،
يىتەلمەي تەكتىگە سىرنىڭ بېشىمنىڭ ئوڭ -سولى قاتتى .

كۆيۈكنىڭ ئىسغا تولغان كۆڭۈل رۇجەكلىرىن ئاچىتىم ،
تەبەسسۇم بىرلە غايىپ روھ دىلىستانىمنى ياشناتتى .



بولۇپ ئەغيار ياشاپ كەلدىڭ ۋاپانى ئەللەمەل ئەيلەپ ،
كەمەك ئەييار كالامنى ۋۇجۇدۇڭغا ئەمەل ئەيلەپ ،

www.uyghurkitap.com

بىغىرلاپ ئەۋرىشىم ماردەك كاماكلاردىن كاماكلارغا ،
پۇراپ تەييار سەمەر-ئولجا ئېلىشنى دەرمەھەل ئەيلەپ .

ئىغىزلانغان چېغىلك شەيتان سۈتىدىن بىگۇمان ناكەس ،
هارامنىك جىلۋىسىن زەرگەر كەبى روھىڭغا ھەل ئەيلەپ .

كۆزۈلك غار خانۇمانىڭغا تويۇنماس بىر ئۆمۈر يا رەب ،
سۈباتسىزلىق شۇاردا نومۇس- ئارنى بەدەل ئەيلەپ .
سەرەتان -راك كەبى پىنهان مۆكۈندۈك قاي دىلىستانغا ،
تەرەپپال ئاشيان -باغنىك گۈلگە قەست ئەجەل ئەيلەپ .

ئاگاھ بول جان ئەمەس باقى ئايان داغۋازلىقىك ئەلگە ،
زىمىننىك قەھرى -گىريانى باسار شۇملۇقنى سەل ئەيلەپ ..

قۇياش -ھەقنىك كۆزى نۇرلۇق توسالمايدۇ شەبىس -سايە ،
جازاسى يوق گۇنا بولماس ئۇرار مەھشەردە دەل ئەيلەپ .
3
ئېھ ،كۆڭۈل يالغان ئەۋىج ئالغان هاياتتىن رەنجىمە ،
تۈلكىلەر شاد ياخشىغا يەتكەن ماماتتىن رەنجىمە .

ئەلمىساقتىن ئاق-قارا ئۆتكەن ئىكەن چىرماقلىشىپ ،
قالمىدى ئەھلى ۋاپا دەپ پەيلى ياتتىن رەنجىمە .

ئۆرلىدىم دە غۇلىساڭمۇ ئەل ساڭا ئاچسا قۇچاق ،
پاشىلارنىك غىلك-غىڭى پىتنە -پاساتتىن رەنجىمە .

گاھىدا مەينەت چىۋىن بۇلغايدۇ ئاشنى سەربەسەر ،
ئىت دىگەن چىشلەيدۇ ماراپ هايۋاناتتىن رەنجىمە .

گاھىدا ئۆز شەمشىرىك تەككەي بېشىڭغا ۋاھ دەرىخ ،
شۇندىمۇ بابۇر كەبى بۇ « ئىلتىپات »تىن رەنجىمە .

چەكسىمۇ ھەسرەت ھۇمايۇن كۈلىدۇ ئەكبەر هامان ،
يوللىرىڭدا ھەق ئاتا قىلغان سۇباتتىن رەنجىمە .

تۆگۆمەيدۇ كۈن بىلەن تۈن جىدىلى مەھشەرگىچە ،
بۇ هاياتنىك ئىمتىهانى -پىلسىراتتىن رەنجىمە .!

تۇغۇلدۇم تاڭ -سەھەر ،كەچتە يېتىپ كەلدىم مازارىمغا،
ئەجەلنىك باغرىنى ياردىم ئۇرۇپ تىغ -زۇلپىقارىمغا .

يولۇمغا قۇردى مىك قاپقان لەھەتتىن يامرىغان شەيتان ،

ئىزىمنى نۇر-زىيا ئەيلەپ ئاتا قىلدىم ناھارىمغا .

شامال يۈتتى ناھارىمنى شامال يەم بولدى دولقۇنغا ،
يۈرەكىم قوندى بىر قاڭقىپ غېرىپ -مىسكىن شۇۋاقىمغا .

شۇۋاق بىرجۈپ قانات بولدى سوقۇپ تۇرغان يۈرەكىمگە ،
يۈرەكىم قۇش بولۇپ ئۇچتى تۇمانلىق جىلغىلاھىمغا .

قاچانكى ئوق ئېتىپ ماڭقۇرت قۇشۇمنى پارە ملك قىلدى ،
بولۇپ ھەر پارىسى يۇلتۇز قۇچاق ئاچتى سامايىمغا.

بۇلۇتلار چىرمىدى مەستخۇش قىلىپ بەخشەندە جەننەتنى ،
بىراق جان ئەيلىدى تەسلىم قۇياش يەڭلىغ نىگاھىمغا .

دىمەككى ئۆلمىكىم تەستۇر ياساپ قويدۇم ئەبەتلىك جان،
قۇلاق سال ئەي ئەجەل بۇدەم ئاداقى رەت ئاگاھىمغا ....
...

## خەپ سىنى

## قاسىم سىدىق

چېقىراپ ئۇخلاتمىدىڭ جەڭجالچى چاشقان، خەپ سىنى!
ناشتىلىق نان ئۈستىدە قۇردۇڭ بەدەشقان،خەپ سىنى!
مەن ئۇزۇم تاپقان ئىدىم، سەندىن ئاشقان، خەپ سىنى!
دان ئوغرىلاپ ھەر كۈنى مىشكاپ ياماتقان، خەپ سىنى!
ھالىنى ھېچ چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان، خەپ سىنى!

قاغا-قۇزغۇنلارنى مەن قورىغاندا قايدىدىڭ،
مۈك بولۇپ، بۇغداينى ھەر سورىغاندا قايدىدىڭ،
كۈنبويى لاي-لاي ئېتىپ جورىغاندا قايدىدىڭ،
توپا يەپ، ئىنجىق بىلەن سورىغاندا قايدىدىڭ،
قىپقىزىل چەشنى كۆرۈپ نەپسى تارتقان خەپ سىنى!

تۆت پۇتۇڭ ئىز سالمىغان قالمىدى ئامبار-ئۆرەك،
ماي قاپاقتىن گۆر تىلەپ سۇ ماينى قىلدىڭ بى كېرەك،

ئانچىكى قىلسام سۆكۈت بېشىمدا ئۆتكۈزدۈڭ كۆرەك،
ئېيتقىنا قايىدىن ساڭا بوپ قالدى پەيدا بۇ خورەك،
هاي، دېسەم، قاشقان پېتى كۆز ئالايتقان خەپ سېنى!

چىمايىن ھەددىڭ ئەمەس، بىر كۈن كامارىدىن چىقىسەن،
بۇ كامارىدىن چىقمىساڭ، نەپسى بالادىن چىقىسەن،
ئىشلىمەستىن چىشلىگەن ئەھلى تامادىن چىقىسەن،
شۇ تامايىڭغا بىقىپ ئوبدان خۇمارىدىن چىقىسەن،
ھەر بۇلۇڭدا كۈتىدۇ ئاسلانۇ، قاپقان، خەپ سېنى

## ئۇيغۇر

### مۇختەر بۇغرا

بىزنى تۇغدى بۇ زېمىن،!
يۇتار يەنە هاپ قىلىپ.
كېيىنكىلەر چالىدۇ،
تىرىمىزنى داپ قىلىپ.
ئۆتۈشمىزجاھاندىن
غاجىلىشىپ پېتىشماي.
ئۇ يۇرتلۇق هەم بۇ يۇرتلۇق،
بىر-بىرىنى قېتىشماي.

«ئۇيغۇر دىگەن ئۇيۇشقاق»
دېيىشىپ لاپ ئۇرىمىز.
ماجرا تىرىپ ئۆز ئارا،
ئويۇن كۆرۈپ تۇرىمىز.

نە كويلارغا سالمىغان،
بىزدىكى بۇ كەمچىلىك.
بۇ ئازابنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى قانچىلىك؟

ئىگىز ئۆسكەن تىرەكمۇ،
خالىي بولماس پۇتاقتىن.
تۇغۇلسىكەن مىللىتىم،
پەقەت بىرلا قورساقتىن

## ئۆلۈم ناخشىسى

### ئەيساجان تۇردى ئاچچىق

قولىمىزدا يوق ئەسلا ئۆلمەسلىككە خېتىمىز ،
مەڭگۇ ھاردۇق ئىلىشنىڭ ۋەسلىگىمۇ يېتىمىز ،
بۇ دۇنيادا قالدۇ ياخشى -يامان ئىپتىمىز ،
قىرىساقمۇ بەزىلەر ،بەزىلەر ياش پېتىمىز ،
ئىچىلدۇرماي بىرمۇ گۇل كۆزنى نەملەپ كېتىمىز .

ئۆلۈم دىگەن كۈتكۈچى ،كۈتىلمىز بىر كۈنى ...
قىش ،باھارمۇ ؟!ياكى كەچ ...بارمۇ قىنى بىلگىنى ،؟!
مەنىستمەستىن ئۆلۈمنى خۇشاللىنىپ كۈلگىنى ؟!
ئەزرائىلنى قورقۇتۇپ كۆكرەك كىرىپ يۈرگىنى ؟!
ھىچبىر ئامال تاپالماي ئاخىر "خەپ"دەپ كېتىمىز .

ئۆلگەنلەرگە زار يىغلاپ كۆمگەنلەرمۇ كىتىدۇ ،
ئاشۇ چاغدا مەست-ئەلەس يۈرگەنلەرمۇ كىتىدۇ ،
ئاجىزلارغا قاپاقنى تۈرگەنلەرمۇ كىتىدۇ ،
دائىم بەخت پەيزىنى سۈرگەنلەرمۇ كىتىدۇ ،
زۇۋان بەرسە خۇدايىم "سىر"نى سۆزلەپ كېتىمىز .

ياشىساق گەر ئادەمدەك قالار ياخشى سۆزىمىز ،
ئەگەر ۋىسال قۇچمىساق يۇمۇلارمۇ كۆزىمىز ،
ئۇرۇق -تۇققان ،يارەنگە تۇتىيادۇر يۈزىمىز ،
پەرياد چېكەر ئاجايىپ ياتقان بىلەن ئۆزىمىز ،
چاي ئورنىدا ئازاپنى راسا دەپلەپ كېتىمىز .

بىر كىم ئۆلسە ھەرگىزمۇ سۇلار توختاپ قالمايدۇ ،
سەپرا شامال باش ئېگىپ ئارقىسىغا يانمايدۇ ،
ئېچىلغان شۇ گۈللەرنىڭ بەرگى ھەرگىز سۇلمايدۇ ،
بۇ پەلەكنىڭ چاقىمۇ تەتۈرىگە ماڭمايدۇ ،!
تەبىئەتكە تۈيدۇرماي پۈتنى تۈزلەپ كېتىمىز .

ئەجەل دىگەن ئۆۋچىدۇر تۇيۇقسىزلا ئاتىدۇ ،
تاغدا يۈرسەڭ ئۆڭكۈردە سىنى ماراپ ياتىدۇ ،
قۇياش چىقىپ شەرقتىن غەرىپتىلا پاتىدۇ ،
ئۆلمىگەنلەر ئۆلگەنگە مەرسىيەلەر قاتىدۇ ،
ئەۋلات ئۈچۈن بۇ جاننى پىدا ئەيلەپ كېتىمىز .

فىرئەۋنىمۇ ،مۇسامۇ خۇدا بىلەن مۇڭداشتى ،
نۇھ ،سۇلايمان ،لۇقمانمۇ بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى ،

سۇقرات دىگەن پەيلاسوُپ جاللات بىلەن سوتلاشتى ،)
ناۋائىيمۇ ،نوبېلمۇ ئەجەپ داڭلىق يولداشتى ،
منوُتىغا ئىنسانلار نەچچە يۈزلەپ كېتىمىز.

چىغىر يولدا بەزىدە داغدام يولنى تاپالماي ،
يىگى مالنى ئەكىلىپ گاھى ئۆزنى سويالماي ،
كونا ئۆيىنى يىڭىلاپ بىر كىچىمۇ قونالماي ،
پەرزەنت كورۇپ مېھرىگە بىرەر قېتىم قانالماي ،
دەرمان تۈرۈپ ئارمانغا بەزى ھەي دەپ كېتىمىز .

ھاياتلىقنىڭ ئۆزىلا بىزگە پۇرسەت ئەمەسمۇ ؟
قايتىلانماس ھاياتلىق پەقەت بىر رەت ئەمەسمۇ ؟
نام -نىشانسىز ياشىساق چەكسىز ھەسرەت ئەمەسمۇ ؟
نۇر چاقناتساق ھاياتتىن ئاشۇ نۇسرەت ئەمەسمۇ ؟
ولۇق قانغا ئارمان يوق ھەممە غەم يەپ كېتىمىز .
قەدىرلىسەڭ ھاياتنى قۇچاق ئاچار ئادالەت ،
ئىلىم -پەننى دوست چاغلاپ قىلما ھەرگىز خىيانەت ،
شۇنداقتىلا شۆبھىسىز تاپالايسەن كامالەت ،
نادانلارنى قانداقمۇ يوقلاپ كىلەر ساﺋادەت ،
ئاجىز بولساق كۆچلۈككە ناننى تەڭلەپ كېتىمىز .

بۇ تۆت كۈنلۈك جاھاندا پايدا -مەنپەت تالاشما ،
ئادىمىيلىك يولىدىن تاكى مەڭگۇ ئاداشما ،
باشلىق بولساڭ ئاۋامغا يامان كۆزدە قاراشما ،
قاقتى-سوقتى قىپ ئەلنى هارام پۇلنى ساناشما ،
جىنازىغا بۇ تەننى ئاران بۆلەپ كېتىمىز .

كەتتى ئەنە ئىسكەندەر جىنازىدا قۇرۇق قول ،
سەنمۇ جەزمەن ئۆلىسەن مەيلى سۇلتان ،گاداي بول ،
ئىلغىمايدۇ شۇم ئەجەل بولساڭ چىچەن ياكى گۆل ،
يانمايدىغان ئارقىغا ئۆلۈم يولى شۇنداق يول ،
ئىككى مېتىر لاتىنى تەنگە يۆگەپ كېتىمىز ...

پەتتە قىزلىرىم

## مۇتەللىپ خۇرسەندى

ئانا يەرنى ياتار قۇچاقلاپ ،
يەتتە يۇرەك يەتتە قۇياشتەك .
يەتتە دىگەن ھەرىپىنىڭ ۋەزنى ،
بىر بىرىدىن ئېغىردۇر تاشتەك .

كىم پۇتىدۇ يەتتە گۇل دىسە ،!
ھەر بىرىدۇر يەتتە تۇغ گويا .
سورىقىغا قالدى نەپرەتنىڭ ،
يەتتە قىزنى سورىغان دۇنيا .

دەرەخ كەبى سۇندى غاراسلاپ ،
مەن شىېرنى باشلىغان ۋاقىت .
ئون ئىككىنچى مىسرا ئىچىدە ،
يەتتە قەبرە چېچەكلەر جىمجىت